

2
شىنجاڭ مەدەنىيىتى
XINJIANG CIVILIZATION



ئانا

تالڭ سەيپچى فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى          قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
40 - يىل نەشرى          1991 - يىل 2 - سان (ئومۇمىي 189 - سان)

# بوستاندا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئاققۇ ............ (ھېكايە) ............ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 3
باغراش ھەققىدە رىۋايەت ............ (نەسر) ............ مۇھەممەت باغراش 25
باھار تىنىقى ............ (نەسرلەر) ............ ئەخمەت ئىمىن 44

## مۇھاكىمە

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە لۇشۈن روھى بىلەن بىر نەزەر ............ ئەنۋەر توختى 15

## سەھنە ئەسەرلىرى

بەربات بولغان ھەشەمەت ............ (دراما) ............ تۇرغان شاۋۇدۇن 33

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

«جىن» ............ (ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى) ............ قەلەمگە ئالغۇچى: نەجمىددىن سىدىق 51

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

ھېكمەتلەر ............ نەشرگە تەييارلىغۇچى: سائادەت ئابلەت 68

## سەنئەت دۇنياسىدا

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قۇتقۇزۇۋالغان دۇنياغا مەشھۇر مايبوياق رەسىملەر ............ شۆشىگجى 72

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

يۇمۇرلۇق ھېكايىلەر ............ ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمىسى 75

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

سەنئەت خەۋەرلىرى ............ ئابدۇرېھىم ھېكىم، زۇنۇن باقى 2

مۇقاۋىدا: سەنئەت غۇنچىسى، تۇردى ئېلى فوتوسى. رەسسام ۋە خەتتات ئابلىمەت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بوستاننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن، مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى




△يەتتە كۈن داۋام قىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى كۈنمىڭدا ئاياغلاشتى ۋە داغدۇغىلىق مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇسسۇل ماھىرلىرى جەددىي ئېلىشىش ئارقىلىق 18 خىل مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە 20 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق بەش سەنئەت ئۆمىكى قاتناشتى. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ئۇسسۇل نومۇرى 78 بولۇپ، 32 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياش ئۇسسۇلچىلىرىدىن دىلنار ئابدۇللا ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل — «مۇز تاغدىكى ئوت» 1-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 3-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە 3-دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ تېلمان قادىر ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئەرلەر ئۇسسۇلى — «دېھقان يىگىتى» 2-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 2-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە 2-دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل — «گۈل ئىشقى» 2-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 3-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە 3-دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ دىلنار ئابدۇللا ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل — «شېرىن» 3-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ۋە 3-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان نومۇرلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاكتىيورلۇق مۇكاپاتىغا ۋە سەھنە، كىيىم لايىھىلەش مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى. جەمئىي يەتتە نومۇر 18 خىل مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

ئابدۇرېھىم ھېكىم

△يولتۇز 12-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلغان «مەملىكەتلىك ئىلغار مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ تەجرىبە تونۇشتۇرۇش ۋە تەقدىرلەش يىغىنى»دا ئاپتونوم رايونىمىزدىن قەشقەر كونىشەھەر، فۇكاڭ، مەكىت ۋە قورغاستىن ئىبارەت تۆت ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتلىرى، بورتالا شەھىرى شياۋيىڭپەن بازارلىق مەركىزى مەدەنىيەت پونكىتى ۋە كېرىيە ناھىيىسى موغاللا بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق ئالتە مەدەنىيەت پونكىتى؛ كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى رەجەپ ھاشىم، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر داۋۇت قاتارلىق تۆت مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى؛ ئالتاي شەھىرى ئالاقاق يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى قاتلان، چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىلىق شۆبە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى جازى؛ يەكەن ناھىيىسى ئىشقۇل يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى ئابلىز باقى قاتارلىق ئالتە نەپەر مەدەنىيەت پونكىتى باشلىقلىرى «ئىلغار شەخس» باھالىنىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ شەرەپ مېدالىغا ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

زۇنۇن باقى

مەدەنىيەت-سەنئەت گېزىتى

(1991-يىل 1-سان، ئومۇمىي 8-سان)



# ئاققۇ



(ھېكايە)

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

پەرھات چۈش كۆردى.

نەپىس ئاق شايىدەك نېپىز بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن بىپايان ئاسمان، ئۇ ئاشۇ ئاق بۇلۇت ئۈستىدە، زەڭگەردەك كۆك گۈمبىزى ئاستىدا ئۇچۇپ كېتىپ باردۇ. جىمىمۇ پەيدەك يەڭگىل، بىر قولى بىلەن سالقىن ھاۋا دولقۇنلىرىنى ياردۇ، بىر قولى ئۆزى بىلەن يانمۇ - يان ئۇچۇۋاتقان ئاققۇنىڭ بوينىدا. ئۇ راستىنلا ئاققۇمىكىن؟ ياق، ئۇ ئېھتىمال ئاققۇ بولمىسا كېرەك؛ ئاققۇنىڭ نەدىمۇ بۇنداق جىلۋىگەر، تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھۆسنى - جامالى، قارا قاتتەك قارا، تېپىشماقتەك سېھىرلىك كۆزلىرى بولسۇن؟ ئۇ ئاققۇ ئەمەسمۇ يە؟ ياق، ئۇ ئاققۇ، جىسمانەنمۇ، مەنەنىمۇ ئاققۇ، ئۇ ئاققۇدەك ئاق، سەلتەنەتلىك بېشىمۇ، نازۇك تېنىمۇ قاردەك ئاپئاق!

پەرھات ئاققۇ بىلەن بىللە كەلكۈنلۈك دەريا ھاۋزىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش تۇماندەك يېنىك ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، يەر يۈزىگە قارايدۇ. مىڭلارچە گەز پەستىكى

يەرمۇ ئۇلارغا يېقىملىق ناز قىلىدۇ، يەرلا ئەمەس، يەر يۈزىدىكى جىمى مەۋجۇداتلار ـ مەخمەل يېپىنغان ياپيېشىل ۋادا، بۇلۇتلار بىلەن پىچىرلىشىپ تۇرغان تېرەكلەر، ئۈپۈق بىلەن سۆيۈشكەن ئېتىز ـ قىرلار، خۇش ھىد باغ ـ راۋانلار، ئىپار بۇيلۇق گۈل ـ چېچەكلەر، ئەقەللىسى، دالا گىرۋەكلىرىدىگە يانپاشلىغان ئېدىرلار پۈتكۈل جىمىنى كۆز قىلىپ ئۇلارغا زوق بىلەن تىكىلىشىدۇ. تونۇش چىرايلار ـ ئىشقىۋاز يىگىتلەر، مۇھەببەتلىك جانانلار كۆككە قاراپ مەجنۇنلارچە تەنتەنە قىلىشىدۇ ...

ئۇ توختاۋسىز ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇچقانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ھەمراھى ـ ئاققۇنىڭ ئوتلۇق نەپىسى ۋۇجۇدىغا ئۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يۇمشاق بۇلۇتلار ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ، سادىق ھەمرايچىلەردەك تەڭ ئۇچۇشىدۇ. بۇلۇتلار ئارىسى تولىمۇ جىمجىت، جىمى ئالەم سۈكۈناتلىق ...

ئۇلار ئۇچۇپ نەگە بارىدۇ، قارار گاھى زادى قەيەردە؟ پەرھات بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇ بىلمەك بولۇپ سوئال تەرزىدە ئاققۇغا قارايدۇ. ئاققۇ پەرھاتقا بىر لەھزە شېرىن كۈلكە ئىنئام قىلىدۇ ـ يۇ، ھېچنەرسە ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ ...

پەرھاتنىڭ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىدى، سۈتتەك ئاق شولا كىرپىكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ قاپقارا كۆز قارىچۇقىغا تاشلاندى. پەرھات ئويغاندى، ياق، ئۇنىڭ ئويقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچقۇسى يوق، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان گۈزەل كۆرۈنۈشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئاققۇ بىلەن يەنە بىر مەنزىل يانمۇ ـ يان ئۇچقۇسى، ھاياتنىڭ جانىنى مەھلىيا قىلارلىق شېرىن دەملىرىنىڭ پەيزىنى يەنە بىردەم سۈرگۈسى كېلىدۇ ...

ئۆلگۈر شولا ئاخىرى ئۇنىڭغا ئەرك بەرمىدى. ھايات تەۋشلىرى ئارزۇسىغا ھالاقەت يەتكۈزدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. «تۇۋا، بۇ ھېلىقى ئاققۇ ئەمەسمۇ؟»

خىيالىمدىكى شېرىن چۈش بىلەن رېئاللىقنىڭ كارتىنىلىرىنى تېخى تولۇق ئالماشتۇرۇپ ئۈلگۈرمىگەن پەرھات كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كەردەمەنى كۆردى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى:

«قاشتېشىدەك ئاق يۈزلۈك، ئاق پوسما ـ ئاق خالاتلىق پەرىزات چۈشۈمدىكى ئاققۇنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ، باھار ئاپتىپىدەك يېقىملىق تەبەسسۇم، ئاھۇنىڭكىدەك ئوتلۇق كۆزلەر، ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ ئۆرۈلگەن ئىسسىق نەپەسلەرچۇ؟!»

پەرھات ھەممىنى ئۇنتۇدى، سەزگۈسى ئىختىيارىدىن قاچتى. كەردىمە كۆزىگە قانداق تىكىلگەن بولسا، ئۇمۇ شۇنداق تىكىلگىنىچە ياتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن چۈشىدىكى ئاققۇدىنمۇ، ئوڭىدىكى سېستىرادىنمۇ كۆزىنى يۆتكىدى ـ دە، كارىۋاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىدى. ئۇنىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئېلىپ كەتتى. شۇ ئوت تەپتىدىن ئوتقاشتەك ۋە بەلكى كەچكى شەپەق نۇرى بىلەن بېزەلگەن رەڭدار ئۈپۈق ئاسمىنىدەك قىزاردى.

چۈنكى ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا ئانىلىق مېھرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئىللىق نەزەرى بىلەن قاراۋاتاتتى. سەل ـ پەل نەملەنگەن كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئېتىلىپ چىققان نۇر ئوتقاش رەڭگى بىلەن مەھكەم گىرەلەشكەن ئىدى. پەرھات، ھارغىنلىق يەتكەن، ئۇيقۇسىزلىق بىلەن قىزارغان، ئىنچىكە قورۇقلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرغان كۆزلەردىن ئېتىلىپ چىققان خۇشاللىق نۇرىنىڭ، ئۆزى بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدىكى سەبىي بەستىگە تاشلانغان نۇرى بىلەن تامامەن ئوخشايدىغىنىنى نەدىن بىلسۇن؟!

پەرھات ئومۇرتقا ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن ھوشىغا كەلگەن، مورفىنىنىڭ ھوشسىزلاندۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ، دۇنياغا يەنە

بىر قېتىم كۆز ئاچقان ئىدى.

ئۇ، ئانىسىنىڭ كۆزىچىلا كەرىمەنىڭ كۆزىگە بۇنچىۋالا تىك ۋە ئۇزاق تىكىلگىنىگە خىجىل بولدىمۇ، كۆزىنى يۇمدى.

— پەرھات، ئۆزىڭىزنى ئوبدان ھېس قىلىۋاتامسىز؟

— ئوغلۇم، ئاغرىقىڭ قانداقراق؟

پەرھاتنىڭ مەقسەتلىك كۆز يۇمۇۋېلىشىدىن ئورۇنسىز ساراسىمىگە چۈشكەن ئىككىلەن تەڭلا سوئال قويدى. ئۇ يەنە كۆزىنى ئاچتى، ئىككى جۈپ كۆزنىڭ قايسىسىغا ئاۋۋال تىكىلىشىنى بىلمەي، كارىۋات بېشىدا ئېسىلىپ تۇرغان بوتۇلكىغا قاراۋالدى. بىراق، بۇ تونۇش بوتۇلكىغا قاراۋېرىش مۇمكىن ئەمەستە! ئۇنىڭ نەزىرى يەنە ئېغىپ كەتتى...

بۇ نەدىمۇ دوختۇرخانا بولسۇن، بەئەينى بىر باغنىڭ ئۆزىدە! بۇرۇنقىدىنمۇ قېنىق يېشىل تۈسكە كىرگەن ياپراقلار، ئوچاقتىن چاچراپ چىقىپ، ياپراقلار ئۈستىگە قونۇۋالغان چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان گۈللەر، سالقىن كۈز شامىلىدا ئىغاڭشىپ، نېمىگىدۇر تەنتەنە قىلىۋاتقان ئارچىلار، ئېگىز ئاسمان، ئالقاندەك - ئالقاندەك پارچە بۇلۇتلار، يېشىل ھاياتنىڭ ئارامبەخش پۇرىقى، ئۇمۇچۇقلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ۋىڭىلداشلىرى...

پەرھات قىرقىلىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈلگەن پاكار - پاكار قارىياغاچلار ئارىسىدىكى تار يولدا چاقلىق ئورۇندۇقتا كېتىپ باردۇ. ئۇنىڭ كەينىدە، ياق، يېنىدا يەنىلا ئەشۇ مېھرىبان سېستىرا قىز كەرىمە، ئۇ، چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ ماڭىدۇ.

پەرھات خىيال قاينىمىغا شۇڭغۇپ، جىم بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ۋىچىرلاۋاتقان ئۇمۇچۇقلارغا جور بولۇپ پەس ئاۋاز بىلەن قايسىدۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىيدۇ.

ئەينەكتەك تۈز يولدا لەرزان كېتىۋاتقان چاقلىق ئورۇندۇق، ئۆزى بىلەن يانمۇ - يان كېتىۋاتقان ئاق خالاتلىق كەرىمە پەرھاتنىڭ خىيالىدا بىر ھەپتە بۇرۇن كۆرگەن خاسىيەتلىك چۈشىنى قايتا ئايان قىلىدۇ. ئۇ، يەردە ئەمەس، بەلكى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇپ كېتىپ بارىدۇ. بارلىق ئاجايىباتلار — ئاققۇ، ئىسسىق نەپەس، ھوزۇرلۇق بېقىشلارنىڭ ھەممىسى ئەشۇ چۈشتىكىگە ئوخشايدۇ. پەقەت شاختىن - شاخقا سەكرەپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ، گۈل تاجلىرىنى ماكان قىلىۋاتقان ھەسەل ھەرىسىنىڭ نەغمىسىلا چۈش بىلەن تىرىكلىك ئەمەلىيىتىدىكى ھايات ئالامەتلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. كەرىمەنىڭ دولقۇنلۇق ناخشىسىمۇ شۇنداق. لېكىن، ئاققۇ ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، يانمۇ - يان ئۇچقانۇ، ناخشا ئېيتمىغان؟!

ئون نەچچە كۈندىن بېرى پەرھات ئاشۇ ئاجايىپ چۈشنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتالمىدى. ئۇ ھەر بىر كۆرۈنۈشنى، ھەر بىر ئالامەتلەرنى، بولۇپمۇ كەرىمە بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يىپ بىلەن باغلىنىپ تۇرغان ئالاقىنى چۈش بىلەن سېلىشتۇردى. قىسقىسى، ئاققۇ بىلەن قىلغان ئاشۇ سەپىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى خالاپ قالدى.

«بۇ مۇمكىنمۇ؟»

ئۇ بەزىدە كەسكىن تۈردە بېشىنى چايقاپ، ئۆز - ئۆزىنى مازاق ئەتكەندەك كۈلۈپ كېتەتتى، بەزىدە بولسا ھاياتنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تاسادىپىيلىقلىرىدىن ئۈمىدلىنىپمۇ قالاتتى. دېمەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنكار قىلىش بىلەن تەستىقلاش، يوقلۇق بىلەن بارلىق، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۈمىد تەڭ ياشىماقتا ئىدى. ئومۇرتقىسىنىڭ يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىشلىرى يادىدىن تامامەن كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

«مەن ئۈمىدلىنىشكە ھەقلىقمۇ؟»

ئۇ، تەقدىر تارازىسىنىڭ ئىككى بېشىدىكى رېئاللىقنى كېچە - كۈندۈز دەڭسەپ كۆرەتتى.

«ئۇ، خەرىتىدىنمۇ نامى تېپىلمايدىغان كىچىككىنە بىر كەنتتە ياشايدىغان ئاددىي بىر تۇل ئايالنىڭ يالغۇز ئوغلى. شۇ چەت كەنتتە تۇغۇلدى. تەقدىر ئۆگە يالىدىمۇ، ئۈچ يېشىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلدى، بۇ بەختسىزلىككە ئۇلىنىپلا كەلگەن ئېپلاس كېسەل ئۇنى ئەزرائىلنىڭ ئاغزىغا ئىتتىردى. لېكىن، ئوغلىنى دەپ ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قىزدىقتۇرۇشىدىن ۋاز كەچكەن ئانىسى ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. بىراق ئۇ مېيىپ بولۇپ قالدى، ساغلام بالىلاردەك تىك يۈرۈشتىن مەھرۇم بولدى. ئانا يىغلىدى، خۇداغا، تەقدىرگە يېلىنىپ، كۆزى كۆرگەن، قولىقى ئاڭلىغان داۋا - ئىمدىلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، ئۇ يەنىلا ساقايمىدى.

ئانا ئاخىرى تەقدىرگە تەن بەردى. ئوغلىنىڭ جېنىنى بولسىمۇ ساقلاپ قالغان ئاللاغا شۈكرى - رەھمەتلەر ئېيتىپ، پەرھات يەتتە ياشقا ئۇلاشقان چېغىدا ئۇنى ئوقۇشقا بەردى.

پەرھاتنىڭ ئوبدان ئوقۇشى ئۈچۈن بىچارە ئانىسىنىڭ قانچىلىك جاپا چەككىنى پەرھاتقا ئايان. ئۇنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى، ئۈمىد - ئىشەنچى ئۇنىڭدا ئانىسىنىڭ كۈتكىنىدەك ئادەم بولۇپ چىقىپ، ئۇنى رازى قىلىش ئىرادىسىنى ئويغاتتى. ئانىسىنىڭ يۈدۈشى ۋە ھاسىنىڭ مەددىتى بىلەن ئوقۇش يولىدا، توغرىسى، كىشىلىك ھايات يولىدا جاھىللارچە تىركەشتى.

يىللار ئۆتتى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئەمما يەنىمۇ كۆپرەك بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسى دوكلىقى — مېيىپلىقى سەۋەبىلىك، سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك يوق بولدى.

پەرھات بۇرۇتى خەت تارتقان بىر يىگىت بولۇپ تۇرۇغلۇق ھۆكرەپ يىغلىدى، ئانىسىمۇ يىغلىدى. يىغلاپ - يىغلاپ كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇدى. ئاخىرىدا ئانىسى ئۇنىڭغا، ئۇ ئانىسىغا تەسەللىي بەردى. كۆزىدىكى ياش داغلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ يىراققا نەزەر سالدى. ئاسماندا قۇياش پارقىراپ تۇرۇپتۇ، بىراق، قۇياش پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن، ھەر كىم ئۆز ئۆيىدە ئۆزى چىراغ يېقىشى كېرەكتە!

ئاخىرى ئۇ «مېيىپ بولسام نېمە بوپتۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دېيىشكەن كونىلار، ئەل ئاغزىدا قالغۇدەك بىرەر ئىش قىلالمايمەنمۇ» دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئانا بارى - يوق بىر جۈپ ئالتۇن زىرىسىنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ يىگىرمە نەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپىنى ئۆمىلەپ - دۈمىلەپ دىگۇدەك بېسىپ يۈرۈپ، ئۇستىكا - كاسىپلاردىن مەدەت تىلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى دۇكانلىق گىلەمچىلىك ئۇستىخانىسى دۇنياغا كەلدى. كېيىنچە، ئەلمىساقتىن تارتىپ قارا چىراغ يېقىپ كەلگەن بۇ چەت كەنتتە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېلېكتر چىراغلىرى يورۇدى. ئىشلىگەنسېرى ئىشەنچىسى ئاشتى. مەھەللىنىڭ بېشىدىكى ئېقىن بويىغا قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كۈچى بىلەن تاشپاختا پىششىقلاپ ئىشلەپ بىر يىل ئىچىدىلا ئۇرغۇن پايدا كۆردى. كۆپلىگەن دېھقان ياشلىرى ئىشچى بولۇپ، ھال - كۈنىنى ياخشىلىۋالدى. ئۇنىڭ كەنتىمۇ باي بولۇشقا باشلىدى.

پەرھات كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئويلىمىغان يەردىن كەرىمەنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئادرېسىنى گېزىتكە بېسىلغان ئۇزۇن ئوچېركتىن بىلگەن ۋە مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ داۋالىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلغان ئىكەن.

بۇ ناتونۇش قىزنىڭ تەۋسىيەسى ئانىنىمۇ، بالىنىمۇ خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە ئۈمىد قۇياشى پارلىغاندەك بىلىندى. ئىشلىرىنى ۋە زاۋۇتلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا يارىدەمچىسىگە تاپشۇردى ۋە ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ شەھەرگە كەلدى. كەرىمە بىلەن بېكەتتىلا كۆرۈشتى.

خەيرىيەت، ئوپېراتسىيەمۇ خېلى ئوڭۇشلۇق بولغانىدەك قىلدى، مانا بۈگۈن ئۇ يەنە ئەشۇ مېھرىبان كەردىمەنىڭ ياردىمىدە كۆتۈنمەكتە ئىدى.

پەرھات ياتقان 203-كارىۋاتقا قاراش ۋەزىپىسىنى مەسئۇل دوختۇردىن سوراپ تۇرۇپ تاپشۇرۇۋالغان بۇ قىز ئۇنى پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگىنى يۈرگەن، ئۇ تېخى ئەككە-دۈككىدە قالغان ئانىغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇنى ئۆز ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن ئۆز قىزىدەكلا خەۋەر ئالدى.

دەرۋەقە، پەرھات ھېسسىياتسىز مەخلۇق ئەمەس، بەلكى يىگىرمە نەچچىگە كىرىپ قالغان بىر يىگىت ئىدى. دەسلەپكى بىر قانچە كۈن ئادەتتىكىدەك ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ نېمىشقىدۇ ئويلايدىغان، كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. كەردىمە يېنىدا بولمىغان چاغلىرىدىچۇ، ئۇنى كۆرگۈسى كەلگىنى كەلگەن، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟ ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئاخىردا بۇ مەسئۇلىيەتچان، ئىنسانپەرۋەر بىر سېسترانىڭ بىر ئاجىز، تىرىك مۇردىغا تۇتقان ھالال پوزىتسىيەسى، ياكى ھېيىپ-بىقۇۋۇللارغا ئىچ ئاغرىتىشى بولۇپ چىقىسىچۇ؟

پەرھاتنىڭ يۈرىكى تۈيۈپ تۇرىدۇ، بۇ بەلكى ئۇنداق بولۇپ چىقمايدۇ، بارلىق ئالامەتلەر بۇنىڭغا گۇۋاھ!

— ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسىچۇ؟
— بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ!
— ئەمىسە، ھېلىقى چۈشچۇ؟
— ... ...

پەرھات بۇلۇتلار ئارىسىدا لەرزان ئۇچتىمۇ، ياكى قولۋاقتا ئولتۇرۇپ، تىنىق سۇ يۈزىدە ئۈزدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى خىيالەن گەپلەشكەچ، دوختۇرخانا ھويلىسىنى ئۆت-بەش قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. كەردىمەمۇ ئىتتىرىپ ھارمىدى، پەرھاتمۇ ئولتۇرۇپ ھارمىدى.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى. تورغايلارنىڭ، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن مەست بولدى. گۈللەرنىڭ پۇرىقى، تەبىئەتنىڭ ئەركە شامىلى ئۇنى مەست قىلدى. خىيال-پىكرى جىسمىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئۆزى بىلگىنىچە ھەرىكەت قىلغىلى تۇردى.

پەرھات ھېلىقى ئاققۇ بىلەن يەنە قاتارلىشىپ ئۇچتى. شەرققىمۇ ئەمەس، غەربكىمۇ ئەمەس، توپتوغرا جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. قاياقتىندۇر لاپ قىلىپ بېسىپ كەلگەن قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇت كۆز ئالدىنى توسۇۋالدى-يۇ، بۇ بۇلۇتمۇ پاتلا يوق بولدى. كۆز ئالدى نۇرلاندى، تۆۋەنگە قارىۋىدى، كەڭ يەر، كۆك دالا، ئاقباش تاغلار ۋە تاغلار ئارىسىدىكى ھېچقانداق بېزەلمىگەن ئۆي كۆرۈندى. ئۇ ھەمراھىنى قولتۇقلاپ تۆۋەنگە ئوقتەك ئېتىلدى.

— سىز مۇشۇ چەت مەھەللىدە تۇرامسىز؟
— ھەئە، مۇشۇ مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىم، ئانا يۇرتۇم!
— ۋايەي، بۇنداق كۆرۈمسىز يەردىمۇ ئادەمزات ياشايدىكەنا؟
— ياشايدۇ، نېمىدەپ ياشىمايدىكەن؟
— ئىسمەت ئاپئاق پەيلىرىم، ئىسمەت مامۇقتەك يۇمشاق جىسمىم!

ئاققۇ ئوق سۈرئىتىدە تۆۋەنلەپ يەرگە دەسسەي دېدى-يۇ، قانىتىنى بىر ھازا پالاقلىتىپ، يېڭىباشتىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

— توختاڭ ھەي ئاققۇ، ئاق قانىتىڭىزغا چاڭ قوندۇرمايمەن!

پەرھات چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ يېنىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كەردىمەنى ۋە تەبىئەتنىڭ جېمى يارالمىشلىرىنى كۆرگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ يەنە چۈش كۆرگەنلىكىنى تۇيدى.

پەرھاتنىڭ دوختۇرخانىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ سۆزسىز-زۇۋانسىز تۇرۇپ قالىدىغان چاغلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. خوشلىشىدىغان كۈننىڭ ھارپا ئاخشىمىلا ئۇلار يەنە شۇ بۈك-

باراقسانلىق يولدا كېتىۋېتىپ قانغۇچە مۇڭداشتى. پەرھات كېيىنكى قېتىم كۆرگەن چۈشىنىڭ ئۆز كاللىسىغا كەچكەن قورۇق، گۇمانىي خىيال ئىكەنلىكىنى پەقەت شۇ چاغدىلا ھېس قىلىپ يەتتى.

قىزىق، چۈش دېگەنمۇ يالىمىدەك يېپىشقاق بىر نەرسە ئىكەن. پەرھات دوختۇرنىڭ بىر يىلغىچە ئوبدان كۈتۈنۈش توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن بېرى ھېلىقى چۈش ۋە چۈشىدىكى ئاققۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپلا تۇردى. ئۇ، قولتۇق تاياقىنى تايىنىپ، پەقەت كىچىككىنە ھويلا دائىرىسىدىلا ھەرىكەت قىلالايتتى. ئاغزىنى كۆپىرەك جۇرۇپ، چارچىتىدىغان ئىشلاردىن يىراق-راق تۇراتتى. تەنھا قالغاندا ئويغاق ئولتۇرۇپ چۈش كۆرەتتى. چۈشىدە ئاققۇ بىلەن، ئېنىقراقى كەرىمە بىلەن كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلالايتتى. ئىگىلىك ئىشلىرىدا مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ بىللە تۇرۇپ، نى - نى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىراتتى. كەنت مەركىزىدىكى قېرى تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ يېنىدا ئاپپاق بىر دوختۇرخانا بىناسىنى قۇرۇپ چىقاتتى. كەرىمە ئاشۇ بىنانىڭ پەلەمپىيىدە ئاق خالات ۋە ئاق پوسما كىيىپ، ئاققۇدەك ياسىنىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئەنە ئاشۇ دوختۇرخانىدا شىپا تاپقان يۇرتداشلىرى كەرىمەگىمۇ، كەرىمەدەك پەرىشتىنى بۇلۇڭ-پۇچقاقتىكى بۇ ئۇنتۇلغان يۇرتقا باشلاپ كەلگەن ئۆزىگىمۇ يۈرەك تەشەككۈرلىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى...

بۇمۇ چۈشمۇ؟ ياق، بۇ چۈش ئەمەس، قۇرۇق خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى بىر جۈپ ياشنىڭ تۈنجى مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنغان ئاشۇ جىمجىت، تەنتەنىلىك ئاخشامدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرى، بۇزۇلماس ۋەدىسى ئىدى.

بىر ئاي، ئىككى ئاي، ھەتتا بەش ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. پەرھاتنىڭ ئۈمىد ۋادىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئەھدە مۇنارى ئاستا - ئاستا تەۋرىگىلى تۇردى. بۇنىڭغا ھەر ھەپتىسىگە بىردىن يېزىلىپ، ياردەمچىسى ئارقىلىق يېزا پوچتىسىدىن يوللىنىدىغان يالقۇنلۇق خەتلەرنىڭ كۆلگە چۈشكەن تاشتەك ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ، جاۋابسىز قالغانلىقى سەۋەب بولدى.

پەرھات بۇنى خالامتى؟ ياق، ئۇ قانداقمۇ خالىسۇن. كۆڭۈل ئېتىزىدا چوڭقۇر يىلتىز سوزۇپ، كۈنسېرى باراقسانلاۋاتقان تۈنجى مۇھەببىتىنىڭ مەزگىلسىز قىرو، ياكى تەشنالىق دەستىدىن نابۇت بولۇپ كېتىشىنى كىممۇ خالىسۇن؟ يۈرەك قېنى بىلەن سىراپ ئېتىپ غۇنچىلاتقان گۈلىنىڭ ئېچىلماي توزۇشىغا كىممۇ تاقەت قىلالىسۇن؟

پەرھات سادىق ياردەمچىسى ھاشىمنى يېزا پوچتا پونكىتىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ماڭدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاشىم ئىشەنچكە يارايدىغان يىگىت ئىدى. مۇبادا بۇ ۋەزىپىنى تېخى ئىش كۆرمىگەن بوز يىگىت، شوخ قىزلارنىڭ بىرسىگە تاپشۇرسا، كونۋېرتنى تۇيدۇرماي ئېچىپ، ھېلىغىچە ئانىسىدىن ئۆزگە ھەر قانداق كىشىدىن پىنھان تۇتۇپ كەلگەن بۇ مۇھەببەتنى بىراقلا ئاشكارا قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، ئاشكارا قىلىۋەتسىغۇ مەيلى، ئەمما، تەقدىرى ئەزەل دېگەننىڭ چاقچاقلىرى تولىغۇ، ئاخىرقى نەتىجە كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ قالسىچۇ؟

پەرھات خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالاتتى - دە، زۆرۈر ئىشلارنى ئىش يېتەكچىلىرىگە تاپشۇرۇپ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى. ھەر بىر كۈنى ئۇنىڭ نەزىرىدە نامەلۇم بىر مەنە بىلەن ئەھمىيەتلىك كۈن ھېسابلىناتتى. «بۈگۈن خەت كېلىدۇ» دېگەن ھۆكۈم قوياش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، قوياش بىلەن تەڭ پېتىپ كېتەتتى. ھاشىمنىڭ دەرۋازىدىن ئوششۇك ئۇرغان ياپراقتەك سولىشىپ كىرىپ كەلگىنىنى كۆردىمۇ، ئۇزايىدىكى پۈتۈن

پەيلەر بىرىشىشىپ كېتەتتى ۋە ئىگىلىكىنى يوقلىغان پېتى خىيالى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالاتتى.

ئۇ باھار ئاسمىنىدا ئېرىنىاقشىپ كۆچۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا قارايتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن تۇنجى مۇھەببىتىنى يادىغا سالغان ھېلىقى چۈشىدىكى ئاققۇنى ئىزدەيتتى. ئۇيەر - ئۇيەر بۇلۇتلار ئارىسىدىن بۆسۈپ چىققان قانداقتۇ بىر كىچىك بۇلۇتنى ھېلىقى ئاققۇغا ئوخشىتاتتى - دە، ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى خىيالىغىچە ئاشۇ «ئاققۇ» دىن ئۈزمەيتتى.

ئۇ، ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدە بىر دۆۋە پاختىدەك ئاقىرىپ تۇرغان نەشپۈت دەرىخىگە، دەرەختىكى ئاپئاق چېچەكلەرگە تىكىلىپ قارايتتى. ئاشۇ چېچەكلەر ئارىسىدىن ئاققۇنى ئىزدەيتتى. بىراق، نەشپۈت چېچەكلىرى بۇ مەجنۇن ئاشىققا ئىچ ئاغرىتقاندەك يېنىك تەۋرىنىپ قوياتتى - يۇ، ئاققۇ كەبىي قانات قاقمايتتى.

پەرھات گۆھەرلىرى قۇرۇپ، ئىچىشىۋاتقان كۆزلىرىنى بۇلۇتلاردىنمۇ، نەشپۈت چېچەكلىرىدىنمۇ بىزارلارچە يۇلۇپ ئېلىپ يېنىنى يۆلەپ تۇرغان قولتۇق تاياقلىرىغا ئاغدۇراتتى. جانسىز ياغاچقا دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە تىكىلگەندەك تىكىلەتتى. ئەسەبلىرىنىڭ مەركىزىدى تۈگۈنىدە پەيدا بولغان بىر مۇرەككەپ، ئاچچىق تۇيغۇ پارتىلاش شىددىتى بىلەن كېڭىيىپ، تومۇر - تومۇرلارنى بويلاپ پۈتكۈل ئۇزايىغا تارىلاتتى - دە، تېرە بېتىدە ھارارەت، ئۇچگە - ئۇچگىلەردە تىترەش ھاسىل قىلاتتى. ئىچىنىشلىق، مەيۈسانە ئاھ ئۇرغان ھامان ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق كۆز يېشى يەنە شۇ تاياقلارغا تامچىلايتتى. بۇ ياش - ھەسرەت - پىراق، دەرد - پىغان يېشى ئىدى. ئۇمىد چوققىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈشنىڭ ئازابلىق جەريانى ئۇنىڭ پۈچۈلانغان يۈرىكىدە ئىسيان كۆتۈرەتتى.

«ئەي كور تەقدىر، مېنى نېمىشقىمۇ ھاسا تاياققا مۇپتىلا قىلغانسەن، ياردىمىشتا پېشانەمگە شۇنداق پۈتتۈڭمۇ، ياكى ساق - سالامەت ئادەملەر قاتارىدا يارىتىپ قويۇپ، پۇشايمىنىڭ بەدىلىگە مەندىن ئۆچ ئالدىڭمۇ، ۋە ياكى بۇ بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى سەركەشتە قىلىۋەتكەن گۇناھىڭنى يۈزۈڭگە سالغىنىم، ئۈزۈك تەقسىم قىلىپ بەرگەن قىسمەتلىرىڭگە بوي بەرمىگىنىم، تەلەتىڭگە تىك باققىنىم ئۈچۈن بەرگەن جازايىڭمۇ؟ مېنى بۇنىڭدىن بەتتەر دوك قىلالىغىڭمۇ، ھەتتا ھاياتىمدىن ئايرىپ، تىرىكلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالساڭمۇ سېنىڭدىن رەنجىمەس ئىدىم. بىراق، مېنى دوك يارىتىپ، قەددىمنى سەت، مۇھەببىتىمنى خۇنۇك كۆرسىتىپ، كەردىمەنى مەندىن يىراق قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ئۇنى ئويلىمىغان يەردە قۇچىقىمغا ئىتتىرىپ، يەنە ئويلىمىغان يەردە قۇچىقىمدىن يۇلۇپ ئالغىنىڭ نېمىسى؟ مەن كەردىمەدىن رەنجىمەيمەن، ئۇ گۈزەل، تولۇنئايدەك، پارلاق قۇياشتەك گۈزەل! شۇڭىمۇ ئۇ ئۆزىدەك گۈزەل، ئۇزايى - بەدىنى ئەيىبتىن خالىي بىر يىگىتنى سۆيۈشكە ھوقۇقلۇق! بىراق، مەن ئۆزۈمىدىنمۇ، سېنىدىنمۇ رەنجىيمەن، ئەبەدىي رەنجىيمەن، بۇ رەنجىشىم مەن كۆز يۇمغانغا، سەندىن ئۆچ ئالغانغا قەدەر، ياق، تا روزى قىيامەتكىچە قەدەر داۋام قىلىدۇ...»

ئۇنىڭ قايغۇ ئالامەتلىرى تېشىپ تۇرغان يوغان قارا كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزاردى، توم - توم ئەگمە قاشلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر سىزىقلار پەيدا بولدى. قانچە - قانچە ئۇيقۇسىز كېچىلەرنىڭ، ئارامسىز كۈنلەرنىڭ ياللامىسى سۈپىتىدە سارغايغان چىرايى بارغانسېرى تاتارغىلى تۇردى. تەمبەل يىگىتلەرگىلا خاس توم لەۋلىرىگە چۈشكەن تال - تال كۈندىلەك قورۇقلار تېخىمۇ روشەنلەشتى.

ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلانغان مېيىپ تېنى نېمىلا دېگەنبىلەن شۇ قارىغىش تەگكۈر

قولتۇق تاياقلاردىن ئايرىلالمايتتى. ئۇنىڭ جىسمانەن بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ تاياقلارنى بىزار بولۇپ تاشلاشلىرىدىمۇ بىكار ئىدى.

ئاخىرى پەرھات تاياقلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇردى ـ دە، تولغىنىپ تۇرۇپ تەسلىكتە ئۆرە بولدى. ئاياغلىرى ئۇنى ئىختىيارسىز تۇردە ئۆيگە سۆرىدى.

ئۇ زېرىككەن ئىدى، كۈننىڭ بىر تەرزدە كۆتۈرۈلۈپ، بىر تەرزدە ئولتۇرۇشىدىن، يەر ـ جاھاننىڭ ئۆز ئوقىدا بىر تەرزدە ئايلىنىپ، يەنە بىر تەرزدە قاراڭغۇلىشىشىدىن، ۋاقىتنىڭ خۇددى قاشاڭ ئۆكۈزدەك تىرەجەپ تىركىشىپ ئىلگىرىلىشىدىن زېرىككەن ئىدى. ئۆزىگە ھېچقانداق يېڭىلىق، ھېچقانداق ئۆزگىرىش بېرەلمەيۋاتقان كۈنلەردىن بىزار بولغان ئىدى.

ئىگىلىكىدىكى يۈرگۈزگۈچى ۋە ئەگەشكۈچى چاقلار تاغ باغرىدا، ئېقىن بويلىرىدا توختاۋسىز پىرقىرايتتى، پىرقىراۋېرىپ، ئۇنىڭ ئىگىلىكىدىكى پۇل ـ پىچەكىنىڭ سانىنى زورايتاتتى. بۇ پۇللار خەيرى-ئېھسان سۈپىتىدە شان ـ شۆھرەتلەر، نام ـ ئاتاقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما، پۇل ـ پىچەكمۇ، شان ـ شۆھرەتمۇ قەلبىدىكى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئاجىز ئىدى.

پەرھات مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنىڭ شەكىلسىز بىر قويۇق ئېكەككە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغىمۇ ھالسىراپ تۇرغان ۋۇجۇدىنى توختاۋسىز ئېكەكلىدىپ ئۇۋىرتىشلىرىدىن زېرىككەن ئىدى. شۇڭا ئۇ دەھلىزدىن ئۆتۈپ، مېھمانخانا ئۆيگە كىردى ـ دە، قەيەرلەردىندۇر ئاچقۇچنى تېپىپ ئاتىسىدىن مىراس قالغان قاپقارا ساندۇقچىنى ئاچتى: ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇزاقلاردىن بېرى ئانىسى مەخسۇس پايدىلىنىدىغان بۇ كونا ساندۇقتا بىر چاغلاردا تاشلاپ قويغان خاتىرە دەپتەرنى تارتىپ قالغان ئىدى. ئاللىقاچان شېرىن ئەستىلىككە ئايلانغان غۇبارسىز، دەردسىز چاغلىرىنىڭ خاتىرىسى قىزىقتۇردىمۇ، ياكى بۇ ھېچقانداق مۇددىئادىن تاشقىرى قىلىنغان ئىشمۇ، بۇلار پەرھاتنىڭ ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇلۇق ئىدى.

ئۇ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ساندۇقنى ئاچتى. ئەھمىيەتلىك ۋە ئەھمىيەتسىز قەغەزلەرنىڭ توپلىرىنى قېقىشتۇردى. ساندۇقنىڭ بىر تەرىپىدىكى نەرسىلەرنى يەنە بىر تەرىپىگە ئاغدۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى كەندىر يىپى بىلەن تۈجۈپلەپ باغلانغان ئون نەچچە پارچە كونۋېرتلارغا چۈشۈپ قالدى.

پەرھات بىر قاراشتىلا ئۆزىگە تونۇشلۇقتەك تۇيۇلغان بۇ كونۋېرتلارغا قىزىقىپ قالدى. مېڭە ھۈجەيرىلىرى بىردىنلا ھەرىكەتكە كېلىپ، سەگەك، تۇيغۇن ھالەتكە ئۆتتى. كونۋېرتلار ئارقىمۇ-ئارقا يەڭگۈشلەندى. ئۇنىڭ بارماقلىرى تىترىگىلى تۇردى. كۆزلىرى بىر قاراڭغۇلىشىپ، بىر روشەنلەشتى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، تونۇش خەتلەر، ناھايىتى تونۇش خەتلەر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. پەرھات ھاياجان ئىلكىدە ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ئاھ، خۇدا، بۇ ئوڭۇمۇ يا چۈشۈمۇ؟!

بۇ پەرھاتنىڭ ئوڭى ئىدى. تۇڭلۇكتىن سۇس چاڭ ـ توزانلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ چۈشۈۋاتقان ئەتىياز قۇياشىنىڭ ئۆتكۈر شولىسى، يېقىندىلا بىر يەردە گۈرۈلدەۋاتقان ماتورنىڭ ئاۋازى، ھويلىدىكى كەپتەرلەرنىڭ گۇگۇلاشلىرى كۈندۈزگە ۋە ئۇنىڭ ئويغاق سەزگۈسىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

پەرھاتنىڭ كۆرگىنى ئۇنىڭ ئالتە ئايدىن بېرى كەرىمەگە يوللىغان تامامى سۆيگۈ خەتلىرى ۋە كەرىمەدىن ئۆزىگە كەلگەن ئون نەچچە پارچە ھاۋارەڭ كونۋېرت ئىدى.

ئۇ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆزىنى توختاتتى ـ دە، كەرىمە بۇنىڭدىن بىر ئاي مۇقەددەم ئەۋەتكەن ئاخىرقى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«قەدىرلىك پەرھات: بۇ خېتىمنى قانداق

باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ داۋالغۇپ تۇرغان ئوي - پىكىرلىرىمنى قانداقلا بولمىسۇن سىزگە يەتكۈزۈش تەقەززاسى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. تۆت ئايغا سوزۇلغان شېرىن چۈشلىرىم بىردىنلا بەرباد بولغان بۈگۈنكى كۈندىن ئېتىبارەن ئارىلىقىمىزدىكى ئەپسۇسلىنارلىق مۇھەببەت ئالاقىسىگە چېكىت قويۇلغان بولسىمۇ. ئەمما بىز يەنە مۇشۇ كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان ئىككى مۇستەقىل ئادەممىز، ئۇ سەۋەبتىن يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىدا تولغان ئاغرىنىش، ياق، تەقدىردىن، قىسمەتتىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نېسىۋە سەۋەبلىك ئاخىرقى بىر قانچە كەلىمە سۆزۈمنى قىلىۋېلىشىمغا ھەقلىق بولسام كېرەك.

كۆڭلۈم ناتىنچ بولغاچقا، قەلىمىم تىترەۋاتىدۇ. ھەددىدىن زىيادە بېسىمغا چىداشلىق بېرەلمەيۋاتقان نېرۋىلىرىم مەلۇم دەرىجىدە ئىتائىتىمدىن چىقتى. خېتىمدە جايىغا چۈشمىگەن ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز شور پېشانە يېتىم قىزنى، بەختى قارا ئاجىزەنى ئەپۇ قىلارسىز. سەل سۈيى قىن - قىنىغا پاتماي كۆۋجەۋاتقان دەريانىڭ بەزىدە ئۆز ئىزىدىن چىقىپ، تېشىپ قويۇشلىرى ئەقىلگە سىغمايدىغان مەنتىقە ئەمەستۇ؟!

تونۇگۈن كەچ سائەت ئۇچتىن قىرىق ئالتە مىنۇت ئۆتكەندە ئانىڭىز (بۇرۇن مېنىڭمۇ ئانام ئىدى. ئەمدى ئانا دېيىشكە ھەقلىق ئەمەسمەن) نىڭ سىزنىڭ مۇددىئايىڭىز بىلەن يېزىلغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، مەن ئۇچۇن قىيامەت سائىتى ھېسابلىنىدىغان بۇ ۋاقىتنى كۆڭۈل خاتىرەمگە مەڭگۈلۈك قىلىپ ئورنىتىۋالغىنىم ئۇچۇن ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ مەن بۇ سائەت - مىنۇتنى نېمە ئۇچۇن قىيامەت مىنۇتى دەپ ھېسابلىدىم؟

ھۆرمەتلىك پەرھات، بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئارتۇقچە ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن داۋالغۇپ تۇرغان ھېسلىرىمنى تەسەللىي تاپقۇزۇش، تۆت ئايلىق بەختلىك چاغنى مۇشۇ باھانىدە يەنە بىر قېتىم ئەسلىۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ. گەپنى باشتىن باشلىماقچىمەن. بۇ سىزگە قارىتىلمىغان، پەقەت ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق بىر قارار.

ئاشۇ چاغدا نېمە سەۋەبتىنكىن، سۈرىتىڭىز ۋە كەچۈرمىشلىرىڭىز بېسىلغان بىر پارچە گېزىت مېنى جەلپ قىلغان ئىدى. قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ گېزىتنى ھېچ مەقسەتسىزلا قولۇمغا ئالدىم ۋە ھېچ مەقسەتسىزلا ئوقۇشقا باشلىدىم. سىزنىڭ - باللار پارالىچ كېسەلىنىڭ ئاسارىتى بىلەن قىينىلىۋاتقان بىر ياشنىڭ كېسەللىك بىلەن، ياق، قىسمەت بىلەن جەسۇرلارچە ئېلىشىپ، ئىنسانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەل - يۇرتقا پايدىلىق چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكەنلىكىڭىز مېنى ئوبدانلا ھاياجانلاندۇردى. كىچىكىمدىن باشلاپ ئانا خۇۋلىقىنى كۆرمەي، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا قالغان مەن تولىمۇ يۇمشاق كۆڭۈل چوڭ بولغان ئىكەنمەن، راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغدا دوختۇر - سېستىرالاردا بولىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتى مەندە غالىب كەلگەن ئىدى.

كېيىن سىزگە خەت يازدىم، كېسىلىڭىز شىپا تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىدىم. سىز كەلدىڭىز، سىزنىڭ ئوپېراتسىيە ئۈستىلى ئۈستىدىكى جاسارىتىڭىز، كۆڭلىڭىزگە مەزمۇت ئورناشقان ئۇلۇغ ئىشلار توغرىسىدىكى ئارزۇلار مەندە ئويغانغان ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى.

ئەتە - ئاخشاملىرى ئانىڭىز بىلەن مۇڭداشتىم. باللىق دەۋرىڭىزدىكى نۇرغۇن كۈلكىلىك، ئەمما تەسىرلىك ھېكايىلەرنى، يىگىتلىك دەۋرىڭىزدىكى تەرىپكە ئەرزىگۈدەك خىسلەتلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ ئانىڭىزنىڭ بارلىق ئانىلاردا بولىدىغان مېھرىبانلىقلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مېھرىبانلىقى، ئاقكۆڭۈللۈكى سىزگە بولغان تەسىراتىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېرىپ، ئاخىرى غەلىتە بىر ھېسلارنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كەلدى.

ئۈشىنەمىز، دەسلەپىدە مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى چەكلىدىم، ئۇنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولدۇم، بىراق، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىدى. ئاخىرى قىزلاردا بولىدىغان تارتىنىش، يۈزى تۆۋەنلىك، ئاجىزلىق دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ، سىزگە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بېشارەت بەردىم. بېشارەتلىرىم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ بولغۇچە تاقىتىم تاق بولۇپ، ئىچ - قارنىمنى ئالدىڭىزدا بىراقلا تۆكۈپ تاشلىدىم.

مەن ھەرقانچە ئەقىلسىز بولسامۇ، يىگىتلەر ئالدىدا ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشنىڭ قىزلار ئۈچۈن بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەي قالمايتتىم. ئېھتىمال ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ بۇ قىلىقىم ئۈچۈن مېنى يەڭگىل ئىكەن، دەپ ھېس قىلغان بولغىيتتىڭىز، ھەتتا قىممەتلىك تۇنجى مۇھەببىتىم شۇ سەۋەب بىلەن قەدىرسىز، ئەرزان تۇيۇلغاندۇ، شۇنچىلىك چوڭ شەھەردىن بىرەر يىگىت تاپالمىغىنىم ئۈچۈن ھەيرانمۇ بولغانسىز.

ياق، مەن بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەپ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماقچى ۋە قەدىر - قىممىتىمنى ئۆستۈرمەكچى ئەمەسمەن، بۇلارنىڭ ئەمدى نېمە ھاجىتى؟ بىراق ئېيتارلىق گەپلەر كۆپ بولسىمۇ، ئاخىرقى سۆزۈمنى دەۋالاي!

خېتىمنىڭ بېشىدا يازغاندەك، مەن ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، دادام ئەرلىك غورۇرى كەمرەك ئادەم بولسىمۇ، ئوقۇشۇمنى قوللايتتى. تۇرمۇشتا تەلەيسىز بولغىنىم بىلەن، ئوقۇشتىكى تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى. توغرىسى، قولىمدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولۇش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. تىببىي تېخنىكۇمدا ئوقۇپ شەھەرلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندىم.

بىراق، دېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ، دېگەندەك، خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بەختسىزلىكنىڭ كۆلەڭگۈسى بېشىمدا ئەگىگىلى تۇردى. چوڭ دوختۇرخانىغا بۆلۈنگىنىمگە يايراپ يۈرگەن چېغىمدا خۇشاللىقىمغا شېرىك تېپىلدى. شېرىكىمنىڭ ئېيتىشىچە، دوختۇرخانىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ ئوغلى بولمىش ساۋاقدىشىمنىڭ تەلەپى ۋە دادىسىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا مۇشۇ يەرگە بۆلۈنگەن ئىكەنمەن. مەن ئۇنى ئۆزۈمنى بىلگەندەك بىلەتتىم. مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدىغان، ئەسكىلىك بىلەن داڭ چىقارغان ئەشۇ قولاقكەستىگە پاك - غۇبارسىز مۇھەببىتىمنى تەقدىم قىلىدىكەنمەن؟ قىز بولغىنىم بىلەن، مەنمۇ پۈتۈنسۈرۈك بىر ئادەمغۇ، مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكىم ئۆز ئىلكىمدىغۇ؟

ئۇ مېنى قوغلىدى، مەن قاچتىم، ئۆچەكەشكەندەك ئۆگەي ئانامىمۇ پۇل - ئابرويغا بېرىلىپ، مېنى ئوتقا ئىتتىرمەكچى بولدى. دادامىمۇ بۇ ناھەقچىلىق ئالدىدا زۇۋان سۈرمىدى. ئەمما، شېرىن - شېكەر ۋەدىلەرمۇ، دوق - ھەيۋىلەرمۇ مېنى قورقۇتالمىدى. چوڭ شەھەردىن، چوڭ شەھەردىكى يىرگىنچلىكلەردىن، ئىپلاس ئائىلىدىن زېرىككەن چېغىمدا پاراكەندە كۆڭلۈمدە ئۈمىد چىرىغى ياندى، تۇرمۇشۇمغا سىز كىرىپ كەلدىڭىز!

ئاخىرى ئەركىن مۇھەببەت بىزنى بىر - بىرىمىزگە مەھكەم باغلىدى. مەسئۇل دوختۇرنىڭ داۋالاش ئاز - تولا ئۇنۇم بەرگەن بىلەن ئۆمۈرۋايەت مېيىپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭىز توغرىسىدىكى ھۆكۈمىنى ئاڭلىغىنىمدا ھەم ئازابلاندىم، ھەم خۇشال بولدۇم.

ئازابلانغىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ ماڭا ئېنىق، خۇشال بولغىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ ماڭا ئېنىق. چۈنكى ئۆزۈم چەت يۇرتتىكى قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىسەممۇ، كېسەلنى داۋالايمەن، چوڭ ئىش قىلىپ بەرگەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت كۈتەلەيمەن - دە!

شۇنداق قىلىپ سىز كەتتىڭىز، تەنتەنىلىك ۋە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتىپ قالدىڭىز. مەن شۇ ھەپتىدىن باشلاپ ئارزۇ - ئىستەكلىرىم، گۈزەل ئىستىقبال خۇشاللىقىغا تولغان خەتلىرىمنى يوللىغىلى تۇردۇم.

بىراق، شۇنچە تەشنا - تەقەززا بولسامۇ، سىزدىن بىر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. يازغان خەتلىرىم ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى.

باشتا، چەت يۇرتنىڭ پوچتا يولى ئۇزۇن، بەلكى جاۋاب يازغۇدەك ۋاقتى چىقمىغاندۇ، دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمنى ئالداپ يۈردۈم. مۇشۇ تۆت ئاي ئىچىدە قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم، ئۇستى - ئۇستىلەپ كۈچىيىۋاتقان تەھدىتكە چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ چىداشلىق بەردىم.

بۇلارنى يېزىشىمدىن مەقسەت، ھېسداشلىقىڭىزنى قوزغاپ، سىزنى پۇشايمانغا ياكى نادامەتكە دەۋەت قىلىش ئەمەس، قەلبىڭىزنىڭ قېتىدىكى ئۆچۈپ كۆلگە ئايلانغان ئوتنى قايتا يالقۇنجىتىشمۇ ئەمەس؛ پەقەت ئەقىلسىزلىقىمغا، شور پېشانىلىقىمغا كايىش، ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىش! ھازىر مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنىمۇ، قىلالايدىغىنىممۇ شۇ!

ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەي. ئانىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان خېتىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ سىزنىڭ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ (شەيتان بەلكىم مەن بولسام كېرەك) چوڭ شەھەرگە ئۇچۇپ كېتىشىڭىزدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىكەن. سىزمۇ ئاتا-بوۋىڭىزنىڭ تۇپرىقىغا مەڭگۈ باغلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن دائىم ئېغىزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىغان سادىق يارىدەمچىڭىزنىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلماقچى بولۇپسىز.

دۇرۇس، ئانىڭىز سىز ئۈچۈن ۋە ئۆزى ئۈچۈن مەندىن ئەپۇ سوراپتۇ، ئانىڭىزغا ۋە سىزگە رەھمەت. تىلىگىنىڭىزگە ئېرىشەلمىگەن دىۋانە ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بولسىمۇ ئاڭلىسا دەرۋازا ئالدىدىن كۆڭلى خوش بولۇپ، ئوڭايلا كېتىپ قالىدىغۇ. مەنمۇ مۇشۇ ئەپۇ بىلەن ماڭا مەڭگۈ يېپىق بولغان مۇھەببەت قەسرىڭىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئاسانلا كېتىپ قالىمەن. بىر بۇردا ناننى دەپ دەۋا قىلىدىغانغا مەن ئۇششۇق، كاج، دىۋانە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەببەت، كۆڭۈل دېگەن تىلەنگەنگە تاپقىلى بولىدىغان بىر بۇردا نانمۇ ئەمەس!

پەرھات، سىز بەلكى مۇھەببەت دەشتىدە پەيدا بولغان بۇ كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتنى ئانىڭىزغا دۆڭگەپ قويارسىز. گەرچە بۇنداق دۆڭگەش مېنى ئىشەندۈرەلمىسىمۇ، يەنىلا سىزدىن ئاغرىنمايمەن، رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مەن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن. دۇنيادا ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بولمىسا كېرەك. تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئۆز ئانامغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئانىڭىز سىزگە مېنى ئەمەس، يارىدەمچىڭىزنىڭ سىڭلىسىنى لايىق كۆرسە، سىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرسىڭىز مەندە نېمە ئىلاج؟!

پەرھات، سىز يەنىلا بەختلىك، چۈنكى ئۆز ئەركىڭىز، ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن جۆرە تاللىۋاتىسىز، سىزگە بەكمۇ ھەۋەس قىلىمەن!

مەن سىزنىڭ ۋە ئانىڭىزنىڭ قارارىدىن خەۋەر تاپقان كۈنى كەچقۇرۇن ھېلىقى نائەھلىگە ئۆزلۈكۈمدىن باش ئەگدىم. ۋىجدانىمنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلدىم. ماڭا ئۆلۈم ۋە باش ئېگىشتىن ئۆزگە ئۈچىنچى بىر يول يوق ئىدى. ئۆلۈمدىن قورققان مەندەك قورقۇنچاق شەپقەتسىز رېئاللىق ئىتتىرگەن تىك قىيادىن غۇلاپ چۈشمەستىن بۆلەك ئامال بارمۇ؟

شۇنداق بىر كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى تىلەپ يۈرگەنلەر شۇ كۈنى كەچتىلا چاي ئاپىرىش رەسمىيىتىنى تۈگىتىپ، توي كۈنىنىمۇ بېكىتىشتى. ئۆگەي ئانامنىڭمۇ، ئەركەكلىك شىددىتى كەمدامىنىڭمۇ ئاغزى قۇلىقىغا

يەتتى. ئانىڭىزنىڭ ئىككىنچىلەپ خەت يازماسلىق توغرىسىدىكى رەھىمسىز ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى قايرىپ قويۇپ يازغان مۇشۇ ئاخىرقى خېتىم سىزگە يېتىپ بارغاندا، بەلكى مېنىڭ تويۇم، ياق، ماتىمىم بولۇپ بولغان بولىدۇ. مەن ۋىجدانىم ئالدىدا مەڭگۈ گۇناھكار، ئىرادەم ئالدىدا يۈزۈم قارا، غورۇرۇم ئالدىدا ئەيىبلىكمەن! سىزگە، سىزنىڭ بۈيۈك مەقسەتلەر يولىدىكى ئىشلىرىڭىزغا ھەمدەم بولالمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىمەن! يازغانلىرىمنىڭ رىۋايەت ياكى ئويدۇرما ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئايشەمخان ئاچىنىڭ خېتىنى قوشۇپ ئەۋەتتىم.

خەير، سىزگە بەخت تىلەيمەن!»

پەرھات خەت ئىچىدىكى خەتنى ئاچتى - يۇ، ئۇنى ئوقۇشقا پېتىنالمىدى، پېتىنالمىدى ئەمەس، بەلكى ئوقۇمايلا قويدى.

قىزارغان، ياشلانغان كۆزلىرىنى تونۇش چوچۇركىغا تاشلاپلا ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىدىغان ئانىسىنىڭ، ئىشەنچلىك يارەمچىسى ھاشىمنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىلىپ ئۈلگۈردى.

پەرھاتنىڭ ۋۇجۇدى توڭلاشقا، تىترەشكە باشلىدى. ئۇ، تالادىن ئانىلىق تەشۋىشى بىلەن چۈجىلىرىنى سانىنىڭ ھۇجۇمىدىن ھىمايە قىلماقچى بولغان مېكىياندەك ئېتىلىپ كىرىپ ئۆزىنى يۆلەشكە تۇتۇنغان ئانىسىنىڭ سىماسىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى - دە، تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— ئانا، سەن زادى نېمە قىلىپ قويدۇڭ! — دەپ نالە قىلدى ۋە ئاجىز بەستىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇگىلىرى بىردىنلا بوشاپ كەتكەچكە، بىر پارچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غۇلاپ چۈشتى. ئۇ ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئارىسىدا ئاپئاق ماموق پەيلىرى يۇلۇپ تاشلانغان، ئېچىنىشلىق نىدا قىلىپ، قىقاس سېلىۋاتقان ھېلىقى ئاققۇنى، ئاققۇ ئەمەس، بىر پارچە قىزىل گۆشنى كۆردى. ئاشۇ تىلىنغان گۆشتىن تامچىلىغان قان گۈمبۈرلىگەن سادا بىلەن يەرگە تۆكۈلۈپ، يەرنىمۇ، يەردە قوقاسقا تاشلانغان قىلدەك تولغىنىۋاتقان پەرھاتنىمۇ لەرزىگە كەلتۈردى. زۇلمەت ئارىسىدا ئاقار يۇلتۇزدەك چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئاققۇ بىردىنلا مۇئەللەق ھالغا كەلدى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى. بۇ تونۇش تەبەسسۇم شۇنچىلىك جەزىبىدار ئىدىكى، پەرھاتنى شەكىلسىز ئارغامچا بىلەن ئۆزىگە مەھكەم باغلىدى - دە، كۈچەپ تارتقىلى تۇردى. پەرھات ئىختىيارەن تارتىلدى. ئۇنىڭمۇ يالىڭاچ ئاققۇ بولغۇسى، ئەبەدىلىك زۇلمەت ئىچىدە ئۇنىڭغا جۈرە بولغۇسى كەلدى . . .

— جېنىم ئوغلۇم، نېمە بولدۇڭ. نېمە دەپ كۆڭلىكىڭنى يىرتىسەن؟!

— مەن ئاققۇ، مەن ئۇچىمەن، مەن ئۇچىمەن . . .


ئانا راستىنلا قورقۇپ كەتتى. ئۇ ياش تۆكەتتى، قولۇم - قوشنىلارنى ياردەمگە چاقىراتتى، خۇداغا نالە قىلاتتى، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان ئاققۇغا ئايلانغان ئوغلىنى ئالدىدا ئامالسىز ئىدى.

1989 - يىل مارت، ئۈرۈمچى



# شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە لۇشۈن روھى بىلەن بىر نەزەر





ئەنۋەر توختى

پۈتۈن دۇنياغا مەنسۇپ بولغان لۇشۈننىڭ ئىدىيىسى، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە پەزىلىتى ئىنسانىيەتنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك روھىنى مەركەزلىك ئىپادىلىگەنلىكى پۈتۈن جامائەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماقتا ھەمدە ۋارىسلىق قىلىنماقتا ۋە جارى قىلدۇرۇلماقتا. ئۇنىڭ روھىغا ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ خاراكتېرى، ئىرادىسى ۋە جاسارىتى، خەلقىمىزنىڭ دەرد - ئەلەملىرى، كۈرەشچان كەچۈرمىشلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى مۇجەسسەملەشكەن.

لۇشۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ سادىق ئوغلانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدىمىي



تارىخى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقى توغرىسىدا شۇنداق چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقى، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشە-نىش، ئۇنىڭ نۇرلاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئېسىل جەۋھەرلىرى بىلەن چۆرۈپ تاشلاشقا تېگىشلىك رەزگىللىرىنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە باھالاش جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق.

ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە رېئال ئەھۋالىنى تولۇق ھەم چوڭقۇر چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي ۋە سىنىپىي كۆرەش دولقۇنلىرىدىمۇ مىللەتكە ـ مۇتلەق كۆپ سان-دىكى دەردمەن خەلققە ۋەكىللىك قىلدى.

لۇشۈننىڭ ئەللىك نەچچە يىللىق ھاياتىدا تارىخنىڭ يېڭى دېموكراتىزم باسقۇچىدا كامالەتكە يەتكەن كوممۇنىزملىق ئىدىيىسى ۋە ئەسەرلىرى شۈبھىسىزكى، ئۆتمۈشتىلا ئەمەس، بەلكى كېلەچەكتىمۇ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جېنى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى بولۇپ كەلدى ۋە بولىدۇ. لۇشۈننى تەتقىق قىلىش يالغۇز بىر شەخسنىڭ پاراستىگە ۋە تۆھپىسىگە باھا بېرىشكىلا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بولۇپ قالماستىن، جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەركى-تىگە، دېموكراتىك ئىنقىلاب تارىخىغا باھا بېرىش بىلەن، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئىلگىرىلەش يولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈننى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىش مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەقەززاسى، مىللىي سۈپىتىمىزنى ئۆستۈرۈشنىڭمۇ ئېھتىياجى.

تارىختا ئەتراپىمىز بېكىك ـ توسۇق بولغانلىقى، فېئودال مىللەتارىستلار مۇستەبىتلىكى ھۆكۈم سۈرگەنلىكى، تىل ـ يېزىق پەرقلىق بولغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭدا لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىسى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى چۈشىنىش ئىشلىرى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا خېلى كۆپ ئارقىدا قالدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇشۈننىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى مەزمۇنى جەھەتتىنمۇ، تىلى جەھەتتىنمۇ چوڭقۇر بولغاچقا، مەلۇم دەرىجىدە مەلۇ-ماتقا، نەزەرىيىۋى بىلىمگە ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغان ئادەمنىڭ چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتىشى تەس. شۇنداق بولسىمۇ شىنجاڭدا مەلۇم بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە لۇشۈن ئىدىيىسىدىن بەھرى ئالغان ئادەم ئاز ئەمەس. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى داۋامىدا لۇشۈن ئىدىيى-سىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلماقتا. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بەزى مۇنەۋۋەر كىشىلەر لۇشۈن روھىنى تونۇشتۇرۇش، تەرغىب قىلىش يولىدا باش چۆكۈرۈپ ئىش-لەپ كەلمەكتە. شۇنىڭغا ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىزكى، لۇشۈن تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرى-ياللارنى ئەتراپلىق ئىگىلەش، خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنى پىششىق بىلىش، شۇنىڭدەك خەنزۇلار-نىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئىجتىمائىي پىسخولوگىيىلىك ھادىسىلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇ-شۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىز ئاز سانلىق مىللەتلەردە مەلۇم چەكلىمىلەر مەۋجۇت، شۇڭا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر لۇشۈننى تەتقىق قىلىش جەھەتتە تېخى دەسلەپكى باس-قۇچتا تۇرماقتىمىز؛ لۇشۈننىڭ ئىدىيىسى ۋە روھى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا تېخى سىڭىپ كىرگىنى يوق. شۇڭلاشقا بەزىدە: «لۇشۈن دېگەن خەنزۇ، ئۇنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغانلىرىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئىشلىرى، بىزنىڭ مىللىيىتىمىز بىلەن ھېچ-قانداق ئالاقىسى يوق، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ھېچقانچە پايدىسى يوق» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمىز. بۇنداق گەپلەر، لۇشۈننى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ھېسابقا ئالمى-غاندا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى بىلەن پۈتۈن ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلالمىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنى چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شۇنداق بىر

ئەھۋالنى بايقايمىزكى، ئۇيغۇرلار تارىختا گەرچە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مىللەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خېلى بالدۇرلا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىل ـ يېزىق، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، كىيىم ـ كېچەك، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد دېگەندەك ئېتنوگرافىك ھالەتلەردە خەنزۇلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاشلا بىر يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ. ئىككى مىللەتنىڭ تارىخىنىڭ مەزمۇنى ۋە يولى جەھەتلەردە مۇئەييەن ئوخشاشماسلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق جەمئىيىتىدىن مىراس قالغان فېئوداللىق ئاڭ ۋە ئۇششاق تىرىكچىلىك كۆز قارىشى ھەم مەدەنىيەت پىسخولوگىيىسى ھەر ئىككى مىللەتتە ئوخشاشلا ساقلىنىپ قالغان؛ لۇشۈن ئەپەندى ئۆز قەلىمى بىلەن تەنقىدلىگەن خەنزۇلار ئىچىدىكى قۇسۇرلار ۋە تەسۋىرلىگەن «ئاكيۇ» قاتارلىق ئوبرازلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ يوق ئەمەس. گەپ پەقەت ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدادۇر. تارىختىن قېپقالغان قالاقلىق، لايغەزەللىك ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس «ئۇدۇم» ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇشۈننى تەتقىق قىلىشنى ھەرگىز مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئىشى، دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزاسى. غەربىي دىيار تارىختا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. جۇڭگونىڭ دۇنياغا داڭقى كەتكەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مېھنەت ئەجرى بىلەن ياراتقان تۆھپىلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە ئىنقىلابچىسىنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپرەك ئوزۇق ئېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى تېزرەك ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىشتا، قانداقمۇ «مىللەت ئايرىمىسى» بولسۇن؟

ئىنسانىيەت تارىخى گويا ئاقار دەريا، ئۇ مۇئەييەن مەنبەدىن باشلىنىپ، ئەبەدىي ئالغا قاراپ ئاقىدۇ؛ تارىخ ئۆتۈپ كېتىدۇ، قايتىپ كەلمەيدۇ؛ بۇ ھال خۇددى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پەرى ۋېنېرانىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بىلىكىنى قايتا ئۇلىغىلى بولمىغاندەك، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. لېكىن ئۆتۈپ كەتكەن تارىخ ھېچقاچان ئىز-تىنسىز بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇ بىزدەك بۈگۈنكى كۈندە كېلەچەك تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆتمۈش تارىخقا مۇراجىئەت قىلغۇچىلارغا مەلۇم پايدىلىق ئىلھاملارنى بېرىدۇ. ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى زەللە قىلغان ھالدا كېلەچەككە قاراپ ماڭىدۇ. ھازىرقى دەۋردىكى ئىسلاھات دولقۇنى، شۈبھىسىزكى، ئۆتمۈش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزىمۇ تارىخىي ئۆزگىرىشنىڭ خاتىرىسىدۇر. بۈگۈن بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بىز ياشاۋاتقان تارىخىي ئۆزگىرىش دەۋرىنىڭ ئالامىتى.

لۇشۈن ياشىغان دەۋر جاھانگىرلار مىلتىق ـ زەمبىرەكلىرى بىلەن زورلۇق قىلىپ بېسىپ كىرىپ، جۇڭگونى قەدەممۇ قەدەم يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە ئايلاندۇرۇۋاتقان دەۋر بولۇپ، دۆلەت ۋە مىللەت ھايات ـ مامات بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ئىدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياكى ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ، قەددىنى رۇسلاپ، يېڭى دەۋرگە قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان، ياكى خورلۇقتا دەپسەندە قىلىنىۋاتسىمۇ قۇلدەك قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان ئىككى خىل تەقدىرگە دۇچ كەلگەن بىر چاغ ئىدى. ئىچكى ـ تاشقى شارائىت ئەنە شۇنداق مۇشكۈل بولۇپ تۇرغان تارىخىي پەيتتە لۇشۈن قايناپ ـ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى، ئارقىدا قېلىشنى خالىمايدىغان، پۈككۈلمەس ئىرادە بىلەن ئىسلاھاتقا ئىنتىلىدىغان روھى بىلەن كۈرەشكە ئاتلاندى. دۆلەت

ۋە مىللەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇپ، قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن فېئودالىزم ئەنئەنىلىرىنىڭ كىشەنلىرىنى جاسارەت بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزم ئىستىبداتىغا ۋە ئىدىئولوگىيىسىگە قارشى تۇنجى قېتىم ھۇجۇم باشلىدى ھەمدە جۇڭگو مەدەنىيىتىنى دۇنيا مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى يەنى يېڭى بىر نەزەرىيەۋى مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويدى. (بۇ ھەقتە لۇشۈننىڭ «شاياتۇنلارنىڭ شېئىردىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» ۋە «مەدەنىيەتتىكى ئاغمىچىلىق توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ئەسەرلىرىگە قاراڭ) لېكىن كونا كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە كونا ئەنئەنىلەرنىڭ كاساپىتىدىن ئەينى زاماندا ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيىۋى مۇلاھىزىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە قوزغىيالمىدى. شۇ مۇلاھىزە بىلەن سالغان «چۇقان»لىرى ئۆزى ھەمدەردلىك قىلغان بىر قىسىم خەلقنىڭ چۈشەنچىسىگە ئېرىشەلمىدى. ھەتتا ئامما لۇشۈن ئاتلىق بىر كىشىنىڭ ئاممىنىڭ غېمىنى يەپ «چۇقان» كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمىدى. تاكى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن ۋە «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى قوزغالغان چاغدا ئاندىن مەدەنىيەت ساھەسىدە يولنى كەڭ ئېچىۋېتىش ئېڭى بىر خىل ئاڭلىق ۋە ئەتراپلىق مەسىلە سۈپىتىدە كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. شۇ چاغدا لۇشۈنمۇ رۇسىيە ئىنقىلابىدىن جۇڭگوغا يېڭى ئۈمىد باغلىمىدى. «باشقا ئەللەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق،...ئۇلارنىڭ ئىزم - مەسلىكى بار. ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ئىزم - مەسلەك يولىدا شۇ ئىزم - مەسلەكتىن باشقا بارلىقىنى قۇربان قىلىپ، ئۆتكۈر تىغلارنىڭ بىسىنى ئۆزلىرىنىڭ گۆش ۋە ئۇستىخانلىرى بىلەن قارشى تۇرۇپ گاللاشتۇرغان؛ ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن ئوت - ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرگەن. ئۇلار سۇسلىشىپ قالغان قىلىچ ۋە ئوت شولىلىرى ئىچىدە سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاسماننى، يەنى يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرىنى كۆرگەن.» (لۇشۈن: «ئىسسىق شامال»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىل نەشرى، 90 - 91 - بەتلىرىدىن) ئۇ، دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، «ئەكىلىشپەرۋەرلىك»نى ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى مەيلى ئەجدادلىرىمىزنىڭكى بولسۇن ياكى چەت ئەلنىڭكى بولسۇن، ئۇلارنى «ئەكىلىش» تە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى ھاياتىنى كۆزدە تۇتتى. ئۇنىڭچە، «چەت ئەل مېلى»نىڭ «ۋەھىمىلىك» بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنى باشقىلار تاجاۋۇزچىلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن «ئەكىلىپ بەرگەن»، جۇڭگو خەلقى «ئۆزى»نىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن «ئەكەلمىگەن». لۇشۈن «خوجايىن» لىق سۈپىتە «سالماق، باتۇر، سەگەك، شەخسىيەتسىز بولۇش»نى، بۇنىڭدا مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى شەرت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ياتلارنىڭ بىر نېمىلىرىنى «خام» ھالىتىدە ئەمەس، «ھەزىم قىلغان» ھالدا قوبۇل قىلغاندا ئاندىن ئۇلارنى «ئەندىشىسىز ئېركىن ئىشلىتەلەيدىغان بولىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ كۆرەش نىشانىسى - كونا مەدەنىيەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش، مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يات مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، يۇغۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت.

لۇشۈن ئۆزگەرتىش، ئالغا ئىنتىلىش دېگەن مىللىي ئارزۇنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى پاسسىپ، قالاق، ھەتتا قەبىھ «كونا مەدەنىيەت» كە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەخلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، فېئوداللىق مەدەنىيەت ئىستىبداتلىقى ئۆز ئېلىمىزدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىدىكى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى قورال بولۇپ قالماستىن، بەلكى جاھانگىرلارغا لازىملىق بولغان، قان چىقارماي

ئۆلتۈرۈۋەتكەن «پىچاق». ئۇ كونا دەۋرنىڭ «كونا مەدەنىيىتى» نى يوقىتىپ، يېڭى دەۋرگە خاس يېڭى مەدەنىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى؛ «خەلقنىڭ خۇسۇسىيىتى (مىللىي خۇسۇسىيەت)نى ئۆزگەرتىش» مەسىلىسىنى باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئۇ «كونا مەدەنىيەت»نىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلىدىكى، «بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىدىن مۇھىم ئىش خەلقنىڭ خۇسۇسىيىتىنى (مىللىي خۇسۇسىيىتىنى) ئىسلاھ قىلىشتۇر. ئۇنداق قىلمىغاندا، مەيلى ئىستىبدات بولسۇن، مەيلى جۇمھۇرىيەت بولسۇن ياكى باشقا بىر نېمە بولسۇن، ۋىۋىسكىسى ئۆزگەرتىلىپ، مېلى يەنە شۇ كونا مال بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، كارغا كەلمەيدۇ» (لۇشۈن: «كېيىنكى ئەسەرلەردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل نەشرى، 366 - بەت)

لۇشۈن فېئودال مەدەنىيەتتىن تۆرەلگەن ۋە ئاممىغا مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىسى بىلەن تەسىر قىلغان يارىماس مىللىي خۇسۇسىيەتلەرنى - شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، قورقۇنچاقلىق، پەسكەشلىك، مۇرەسسە - مادارچىلىق، خوش - خوشچىلىق، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، جىگەرسىزلىك، كونا سەنەمدىن چىقماسلىق، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، تار نەزەرلىك، پەرۋاسىزلىق، دەلتىلىك، قۇرۇق ئابرويچىلىق ۋەھاكازالارنى- ئۆز خەلقىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنغان ۋە لېكىن ئويغانمىغانلىقىغا غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە يۈزخاتىرە قىلماستىن ئېچىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇلار «خەلقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە (مىللىي خۇسۇسىيىتىگە) ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزگەرتىش كېرەك، ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ» («بۇ ۋە ئۇ» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىگە قاراڭ)؛ ئۇنداق بولمايدىكەن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي تېپىشىغا كۆز يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. «خەلقنىڭ خۇسۇسىيىتى (مىللىي خۇسۇسىيەت)» دېگەن سەزگۈر نېرۋىغا ئىلگىرى ھېچكىم لۇشۈندەك زەردە بىلەن تېگىپ باقمىغاچقا، شۇ چاغدا لۇشۈننى «مىللىي رەزىللىكلىرىمىزنىمۇ ئاشكارىلاپ قويدى»، «تىلىنى كېسىۋېتىش كېرەك» دەپ ئەيىبلىگەنلەرمۇ بولدى (شۈگۇاڭپىڭنىڭ 1925 - يىل 25 - ئاپرېلدا لۇشۈنگە يازغان خېتىگە قاراڭ). لۇشۈن ھايات چېغىدا بەزىلەر ئۇنىڭغا «ئىنكارىزمچى» دېگەن بەدنامىنى چاپلاپ، ئۇنى: يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىلا زۇلمەت، ھەممىنى دېگۈدەك ئىنكار قىلىپ، كىشىلەرنى يورۇققا ئىنتىلىش ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قىلدى، دەپ ئەيىبلىگەندە، ئۇ بۇنىڭغا: «جۇڭگودا ئىسلاھات بولۇشىنى، ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان نىيىتىمنى ئالسام، ئۇنداق نىيەت مەندە ھەقىقەتەن بار. بەزىلەر مېنى ... قەلىمى زەھەر ئەدىبمۇ دەيدۇ. لېكىن ئىشىنىمەنكى، مەن ھەممىنى يوققا چىقارمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن («ئۈچ بىكار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، 122 - بەت). لۇشۈننىڭ «ھەممىنى يوققا چىقارمىدىم» دېگەن سۆزى، ئەلۋەتتە، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ياكى ئەنئەنىسىدە، شەكسىزكى، ئاكتىپ ئامىللارمۇ، پاسسىپ ئامىللارمۇ، ئىجابىي تەرەپمۇ، سەلبىي تەرەپمۇ، مېغىزمۇ، شاكالمۇ بولىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئاق - قارىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋالغۇسىز ھالدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكى، ئۇلارنى بىر قاراپ بىلىۋېلىش ياكى مېخانىكىلىق ئۇسۇلدا كېسىپ ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار رېئال تۇرمۇشتا تەسىر پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكىر ۋە پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇ. گەپ پەقەت بىزنىڭ ئۇلارنى قايسى نۇقتىدا ۋە قانداق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ كۆزىتىشىمىزدە.

لۇشۈننىڭ ئۆمۈرلۈك كۈرەش يولىغا ۋە كۈرەشچان روھىغا ئومۇمەن نەزەر سالىدىغان بولساق شۇنى كۆرىمىزكى، ئۇ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئويغىنىش تارىخىنى، يەنى

مىللەتنىڭ غەپلەتتىن ئويغىنىش زۆرۈر بولغان مۇھىم پەيتتە تۇرغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن؛ ئۇ چاپاكەش ـ دەردمەن ئانىسىنىڭ دېمەكچى بولغان لېكىن دېيىشكە پېتىنالمىغان ۋە ياكى دېيەلمەي تۇرغان سۆزلىرىنى بايان قىلغان؛ ئۇ ئىنقىلابچانلىقىنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن «مىللىي خۇسۇسىيەت»نى تەنقىد قىلغان؛ ئۇ «مىللىي خۇسۇسىيەت»نىڭ يېغىرىنى ئېچىۋېتىشتە ئۇنى داۋالاش جەريانىدا يېڭى مىللىي روھنى ـ يېڭى خۇسۇسىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا جان كۆيدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىدىكى زەئىپلىكلەرنى تەنقىد قىلىش روھى ۋە كونا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىش روھى يەنى ئۇنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇنداق تاللاش ئېڭى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ «تىلغا ئالغۇدەك ھېچنىمىسى يوق»، جۇڭگولۇقلار ئەسلى ماھىيىتىدىن «رەزىل» دېيىدىغان بوھتانلارغا زادىلا ئوخشىمايدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا ـ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باسقۇچىغا ئۆتۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ـ زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرماقتا. بۇ يېڭى تارىخىي باسقۇچ ئەنئەنىگە ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى؛ مىللىي مەدەنىيەت بىلەن يات مەدەنىيەت يەنە مۇھاكىمە قىلىش نۇقتىسىغا ئايلانماقتا.

مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي روھنى جانلاندۇرۇپ مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي ئىشەنچ ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆملىكىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە ئالدىنقى يىللىرى شىنجاڭدا مىللىي مەدەنىيەت ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش دولقۇنى پەيدا بولدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۈستىدە تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئېلىپ بارغان مۇھاكىمىسى بولدى. بۇ،شۇنداقلا يېڭى تارىخىي باسقۇچتا لۇشۈن روھىنىڭ شىنجاڭدا جارى قىلدۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەلۋەتتە، مىللىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ھەر كىم ھەرخىل قېلىپ بىلەن مۇھاكىمە قىلىشى مۇمكىن، نەزەر دائىرىسى،كۆز تىكىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغاچ، چىقارغان يەكۈنىمۇ ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، مىللىي مەدەنىيەت ئۈستىدىكى شۇ مۇھاكىمىلەردە ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى تەرەققىپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاللاش ئېڭىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە مەنىۋى شولىسى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە تەرغىب قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئۇنى يوققا چىقارساق ۋە بۇرمىلىساق تارىختا بەدنام قىلغان بولىمىز. چۈنكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىپەرۋەر كىشىلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئېسىل روھ، ئىجابىي خىسلەتلەرگىمۇ نەزەر سالدى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ رېئال جەمئىيەتتىكى سەلبىي تەسىرىنىمۇ كۆردى. ئۇلار بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك «ئەنئەنىنى تاشلىۋەتكەن»، «ئەجدادىنى ئۇنتۇغان» ئەمەس، بەلكى، ئەكسىچە، ئەنئەنىنى توغرا چۈشەندۈرۈش، ئەنئەنىنىڭ ئېسىل ئامىللىرىنى نۇرلاندۇرۇش، ھازىرقى دەۋر شارائىتىدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زامانىۋىلىق يولىغا باشلاش ئىمكانىيىتىنى ئىزدەپ تېپىپ، مىللىي ھېسسىياتنى تەربىيىلەش، مىللىي روھىي ھالەتنى ساغلاملاشتۇرۇش، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈش، مىللەتنىڭ مەرىپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىجادىي رەۋىشتە يۈكسەلدۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى مەزمۇنى مول، دائىرىسى چوڭ بىر ئورگانىك بىرىكمە بولۇپ، خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قەدىمكى

مەدەنىيىتىمىزنى، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مەدەنىيەتنى كۈللەندۈرۈش دېگىنىمىزدە پەقەت بىر مىللەتنىڭلا مەدەنىيىتىنى كۈللەندۈرۈشنىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى كۈللەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتىمىز.

مەدەنىيەت مۇھاكىمىسى ئارقىسىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىش ئىددىيىسى جانلىنىشقا باشلىدى. نەزەرىيە ۋە تەتقىقات پائالىيىتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم مىللىي نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرى يېتىشىشكە باشلىدى. مەدەنىيەت مۇھاكىمىسى ئارقىسىدا پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى: ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىغا ۋە يېتەرسىزلىكلىرىگە ئەستايىدىل قاراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن، ۋە لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان ئېتىباردىن قېلىپ كەتكەن، مەدەنىيەتكە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش دېگەن ناھايىتى مۇھىم تەجرىبىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇ تەجرىبىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ باشقا تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرگە نىسبەتەن يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۇلارنىڭ بىمالال يېڭىلىق يارىتىش، تەرەپپۇ تەرەپلەپ يېڭىلىق قوبۇل قىلىش-ئۆزلەشتۈرۈش روھى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تېپىپ، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش يولىدا ئىزدىنىشقا باشلىدى.

شىنجاڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن ۋە لېكىن ئېرىشەلمىگەن بۇ ئارزۇ مەدەنىيەت مۇھاكىمىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. مەدەنىيەت مۇھاكىمىسى ئارقىسىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش چوڭقۇرلاشتى، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇناسىۋەت كۈچەيدى، يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى يول تېپىلدى. «ئۆزۈڭگە تەكشۈرۈش نەزىرىڭ بىلەن قارا، ئۆزگىگە بىلىم ئېلىش نەزىرىڭ بىلەن قارا». — بۇ ھازىرقى ۋاقىتتا ئالغا باستۇرغۇچى قۇۋۋەتتۇر. شۇنداقلا ئۆز ۋاقتىدا لۇشۈن ئەپەندىنىڭ تاشقى جەھەتتە يات مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش لازىم، ئىچكى جەھەتتە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەنئەنىلىرىنى ئورلاندۇرۇش لازىم دېگەن مۇلاھىزىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغانلىق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقتۇر.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ھازىر بەزىلەر «تەنقىد»، «مۇھاكىمە *» دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «تەنقىد»، «مۇھاكىمە» قىلىشنىڭ ئۆزى ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىش بولارمىش، «مىللىي ئىنكارچىلىق» قىلغانلىق، «غەربلىشىش»نى تەشەببۇس قىلغانلىق بولارمىش. ئەنئەنىگە ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا تارىخىي شەرت - شارائىتتىن، مىللەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن چەتنەپ، مۇتلەق ۋە بىر تەرەپلىمە باھا بېرىپ، خۇشى كەلگەندە ھەممىنى گۆھەر دەپ، ماختاپ ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈش، يامانلىغاندا ھەممىنى يارىماس ئەخلەتكە چىقىرىۋېتىش يارىمايدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، مىللەتنى قىزغىن سۆيەيلى دېگەن گەپ چىقسىلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى دەستەك قىلىپ، ئۇنداق يۈكسەك، بۇنداق پارلاق، دۇنيادا تەڭدىشى يوق دەپ كۆپتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، زامانىۋىلاشتۇرۇش سۆزى چىقسىلا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى «تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق» دەپ چۆككۈرۈشمۇ يارىمايدۇ. دۇنيادا مەيلى شەرق ياكى غەربتە بولسۇن، مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەلدە بولسۇن قەدىمدىن تارتىپ «ساپ جەۋھەر» بولۇپ كەلگەن ياكى پۈتۈنلەي «غازاڭ» بولۇپ كەلگەن مەدەنىيەت ياكى ئەنئەنە مەۋجۇت بولمىسا كېرەك. ھەر قانداق

* «مۇھاكىمە» سۆزى ئىلگىرى «قايتا ئويلىنىش» دەپ ناتوغرا ئىشلىتىلگەن. ئاپتور.

دەۋردە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا پەيدا بولۇش، دەۋر سۈرۈش شارائىتى ۋە قىممىتى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ئېتىبارسىز قاراش، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىغا كۆز يۇمۇش مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇنى ئېتىراپ قىلغاندا ئۇنىڭغا شەرتسىز باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان كىشىلەر زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى ئەنئەنە ياراتقۇچى بولىدىكەنمىز، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىز ۋە قالاق تەرەپلىرىمىزگە چاپان يېپىپ، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ كۆرسىتىشىمىز ھاجەتسىز ھەم ئۇنداق قىلماسلىقىمىز كېرەك؛ شۇنىڭدەك رېئال قالاقلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە دۆڭگەپ قويۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا چىرمىلىپمۇ قالماسلىقىمىز لازىم؛ ياخشىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ناچارلىرىنى تەنقىدلەپ تاشلىۋېتىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئالدىراپلا ئاددىيلا باھا بېرىپ - ھۆكۈم چىقىرىپ قويماي، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە پەرقلەش كېرەك. ئەنئەنىلىرىمىزگە ئاددىي ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئەجدادلىرىمىزغا «كالتەك»،«تىل-ھاقارەت» بىلەن مۇئامىلە قىلىش يارىمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. مەيلى ھەرقانداق مىللەت بولسۇن، ئۆزىنىڭ قەدىمكى مەرىپىتى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن پەخىرلىنىشى نورمال ئىش. ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز «ساپ مەدەنىيەت» دەپ قاراپ، «مىللىتىمنى سۆيىمەن» دېگەن باھانە بىلەن باشقىلارنىڭ باھالىشىغا يول قويماسلىق، ئۆزىمۇ باشقىلاردىن ئۆگەنمەسلىك مىللىي مەدەنىيەتنى ئۈستۈرۈشكە تولىمۇ زىيانلىقتۇر. «مىللىي ئالاھىدىلىك» ۋە «ساپ»لىقنى ساقلاپ قېلىشنى باھانە قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىش ئۇچۇن، «مېنىڭ مىللىتىم مەركەز» دەيدىغان، ئاكاڭ قارىغاي بولۇۋالىدىغان تەلۋىلەرچە مەدەنىيەت قارىشىنى بازارغا سېلىش تېخىمۇ يارىمايدۇ. شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، خەنزۇ مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. خەنزۇ مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى خەنزۇ مىللىتىسىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھېسابلانمايدۇ، جۇڭگو مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىسىز جۇڭگو مەدەنىيىتى بولالمايدۇ. جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىن قارىغاندا، بىر تەرەپتىن مەملىكەت ئىچىدىكى، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارا باردى - كەلدى جەريانىدا زاماندىن - زامانغا ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش، تاللاش ئارقىلىق بۆگۈنكىدەك سەلتەنەتلىك خەزىنىگە ئايلانغان. چىن سۇلالىسى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىلىقىدىكى مەزگىلدە، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان ھونلار، ئوغۇزلار، شيەنبېيلەر، غەربتە غەربىي دىياردىكى مىللەتلەر ۋە چياڭلار، جەنۇبتا ياۋلار، دىيەنلەر، ئەيلاۋ، زاڭكېي ۋە دەنماڭلار ئۆزئارا ئىناق بېرىش - كېلىش قىلىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بولۇپمۇ جاڭ چيەن ئەلچى بولۇپ كېلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي دىيارنىڭ يولىنى ئېچىپ ئىككى تەرەپنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئورناتقان. خەنزۇلارنىڭ تەرەققىي تاپقان مەدەنىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى قەدىمقى غەربىي دىيارغا يېتىپ كەلگەن؛

غەربىي دىيارنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى، ئاتلىرى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە باشقىلارمۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يېتىپ بېرىپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتقان. «ئەنلۇشەن ـ شى سىمىڭ توپىلىڭى» بولغاندا، ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا دوستلۇق ـ ئىناقلىقنى كۈچەيتكەن. دېمەك، مەدەنىيەت جەھەتتە خەنزۇ مەدەنىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.


شىنجاڭ تارىخىمۇ يالغۇز بىر مىللەت ياراتقان تارىخ ئەمەس، ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان تارىخ؛ شىنجاڭ مەدەنىيىتىمۇ ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق گۈللەندۈرگەن مەدەنىيەت. ئەگەر بىز ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە تار مىللىي كەيپىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا فېئوداللىق ئاڭغا قايتىپ ۋە ئارقىغا چېكىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى بەربات قىلغان بولىمىز. لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ «مىللىي تەۋەررۇك» ۋە «قەدىناس مەدەنىيەت» دېگەن نىقابلار ئاستىدا قىلغان ئادەمخورلۇق جىنايەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان ۋە كەسكىن تەنقىد قىلغان! «جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى دېگەن نېمە ئەمەلىيەتتە دۆلەتمەنلەر ئۈچۈن ئادەم گۆشىدىن تەييارلانغان زىياپەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ جۇڭگو بولسا ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ ئادەم گۆشىدىن زىياپەت تەييارلايدىغان ئاشخانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئەھۋالنى بىلمەي مەدھىيە ئوقۇغانلارنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ مەدھىيە ئوقۇغانلارنى بولسا مەڭگۈ قارغاش كېرەك.» لۇشۈن يەنە مۇنداق چاقىرىق قىلىدۇ: «ئەنە شۇنداق ئادەم گۆشى زىياپىتى ھازىرمۇ بار، بىر مۇنچە ئادەملەر ئۇنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇش كويىدا يۈرمەكتە. شۇنداق خۇنخورلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، شۇنداق زىياپەت سورۇنلىرىنى چۇۋۇپ تاشلاش ھازىرقى ياشلارنىڭ بۇرچى!» (لۇشۈن: «قەبرە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، 307- ۋە 308 - بەتلىرىگە قاراڭ).

ئەسلەپ باقساق، بۇ سۆزلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى نېمىدېگەن زور!

مەدەنىيەت جەھەتتە مۇھاكىمە قىلىش، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، «ئەنئەنىگە قارشى تۇرۇش ئەمەس»، بەلكى تارىخقا، مىللەتكە ۋە ئۆزىگە ئەستايىدىل نەزەر سېلىش نۇقتىسىنى تەكشەش دېمەكتۇر. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش دېمەك ھەم تارىختىن قېپقالغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىسلاھاتقا، ئېچىۋېتىشكە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، مىللىتىمىزنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان، جاھالەتتە بېكىلىپ قالغان قالاق، نادان مەدەنىيەت ئاتموسفېرامىزنى تازىلاش، ھەم مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت فورماتسىيەسى بىلەن مەدەنىيەت پسىخىكىسىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى تېپىپ قەدىرلەپ، ھازىرقى مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزدا ۋە مىللىي يۈكسىلىشىمىزدە رول ئوينىتىش دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە لۇشۈن بىزگە ئاللىقاچان ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن. ئۇ تەقۋادار كۇڭزىچىلار بىلەن تەرىقەتچى لاۋجۇاڭچىلارنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىللە خەلقپەرۋەر دايۈيىنىڭ روھىنى، ئادالەتپەرۋەر مۇزىنىڭ پەزىلىتىنىمۇ تەرىپلىگەن، ئۇ ھەتتا ئۇلارنى «جۇڭگونىڭ ئومۇرتقىسى» دەپ قارىغان. ئەدەبىيات ساھەسىگە كەلسەك، لۇشۈننىڭ «شېئىرنامە»، چۈيۈەن ئەسەرلىرى،

خەن - ۋېي سۇلالىلىرى ئەلنەغمىلىرى، ئالتە سۇلالىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتلىرى ۋە تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ پارلاق ئەدەبىي نەمۇنىلىرىدىن تارتىپ تاكى «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق نادىر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، ئېسىل، پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئەجايىپ باھالاپ، ئۇلارنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك روھىي بايلىقى دەپ قەدىرلىگەنلىكى ۋە تەتقىق قىلغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. لۇشۈننىڭ تەنقىدىي مۇھاكىمىلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاللاش نۇقتىئىنەزەرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولغانلىرىنى ئىنكار قىلغان. ئالدىنقى يىللىرى شىنجاڭدا مەيدانغا چىققان مەدەنىيەت مۇھاكىمىسىدۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قاراش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى نامۇۋا-پىقلىرىنى تەنقىد قىلىش شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەجايىپ تەرەپلىرىنى قەدىرلەشنى مەزمۇن قىلى-دى. ئۇ ھەم شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت مۇھاكىمىسىنىڭ كۆپچىلىك ھەۋەسكارلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاللاش ئېڭى ۋە تۇتقان يولى ئىدى. بۇ يولدا دۇنياۋى نىشانىمۇ، مىللىي نىشانىمۇ بار. دۇنياۋى نىشان دېمەك، سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا جۇش ئۇرۇپ يۈكسىلىۋاتقان تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ كەينىدە قالماسلىق دېمەكتۇر؛ مىللىي نىشان دېگەنلىك، قالاق - جاھالەتلىك كونا مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇپ، يېڭى مىل-لىي مەدەنىيەت يارىتىشتا مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى ئاساس قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق دېمەكتۇر. مەدەنىيەت مۇھاكىمىسى ھەۋەسكارلىرىنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتتە ئالغا يۈكسەلمەي ئۆزىنى - ئۆزى چۈشەپ قىريۇشمۇ، ئەنئەنىگە پىسەنت قىلماسلىقمۇ مەدەنىيەت تاللاش ئېڭى ئاجىز بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى. ئەنئەنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قېلىش تەرىپىمۇ بار. ئەنئەنىنىڭ تۇرغۇنلۇقىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەندە مىللىي مەدەنىيەت راۋاجلىنالمايدۇ؛ ئەنئەنە مىللەت تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى بۇلىقى بولۇپمۇ رول ئوينايدۇ، ئېسىل ئەنئەنىلەر قەدىرلەنمىسە مىللىي روھ پۇچەك بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا دۇنيانىمۇ، مىللەتنىمۇ نەزەردە تۇتقاندا، ئەنەشۇنداق يول بىلەن ماڭغاندا ئاندىن مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چىن مەنىسى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. تارىخ شۇنى قەيت قىلدىكى، ھەر قانداق ئىسلاھات باشلامچىلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدا ئىبرەت ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان نۇقسانلار بولماي قالمايدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىلەرمۇ يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. لۇشۈن ئەپەن-دىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە «ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ»، شۇ يول بىلەن ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش روھىنى ئۆگىنىدىغان بولساق، يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىمىز، يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىمىزگە ئۈمىد بار.



(نەسىر)

مۇھەممەت باغراش

## سېنىڭ كۆزلىرىڭ

...ھەئە! سېنىڭ كۆزلىرىڭ، سېنىڭ ئاشۇ مۆڭگۈلانغان، ئويچان، نەمخۇش كۆزلىرىڭ...

تۆۋەن يېنىڭدا بۈيۈك خانقورانىڭ يالاڭ پەشلىرى— ئاقتاغ، قۇرۇقتاغ. ئۈستۈن يېنىڭ كۈمۈش تاغلىرىنىڭ ئاياغ پەۋزى بولمىش قاراقسىل ئېدىرلىقى... قاچانلاردىن بۇ ھالغا قالدىڭ؟ توغرىسىغا 40—50 كىلومېتىر، ئۇزۇ-نىسىغا 260— 270 كىلومېتىر... ئاران، ۋە پەقەت ئاران...

تېخى تۈنۈگۈنلا سەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ بەلدەملىرىنى سۆيۈپ ئويناپتىڭ. ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىدە بۇژغۇن ياساپتىڭ، پۈتۈنسۇ-رۇك قاراشەھەر ئويمانلىقىنى باغاش ئېتە-تىڭ... بۈيۈك ئىدىڭ، ئۇلۇغ ئىدىڭ، جۇش-قۇن ئىدىڭ...

ئەمدى سەن بىر تامچە ياش، تەبىئەت ئانىنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن بىر تامچە ياش، پەقەت شۇ!

ھەئە! سېنىڭ كۆزلىرىڭ، تەكتىدە كۆك رەڭلىك ئۇلۇغ ۋە گۈزەل چۈشىنىڭ ئەسرالىرىنى ساقلاپ قالغان؛ ھۆلۇقۇش، ۋەھىمە، ھەيرانلىق، چۆچۈش ۋە سەبىيلەرچە ئىلتىجا بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرىڭ...

سېنىڭ قىرغاقلىرىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتىدۇ، ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلگەن قان رەڭلىك لاۋىدىن كۆكنىڭ يېرىمى قىزارغان-ئادەملەر، بىھېساب ئادەملەر ساھىلىڭدىكى بىپايان قۇمۇشزارلىقتا ئوت قويماقتا، قىرغاقلىرىڭنى چاناپ-تىلغىماقتا... ئۇلارغا يەر كېرەكمىش، يەر!

سەن چېكىنىۋاتىسەن، سەن ئارقاڭغا شوخشىۋاتىسەن، سەن قىستىلىپ تۈنجۇقۇۋاتىسەن، سەن ھاسىراۋاتىسەن... ئادەملەر، ئاشۇ بىھېساب ئادەملەر سېنىڭ تومۇرۇڭنى كېسىپ، جېنىڭنى تاراشلاۋاتىدۇ!

قايدۇ دەرياسى، ئاشۇ ئەزىم دەريا سېنىڭ تومۇرۇڭ، بىردىنبىر تومۇرۇڭ ئىدى. ئادەملەر، ئاشۇ بىھېساب ئادەملەر، ساڭا ھايات بەخش ئېتىش، جېنىڭغا جان قوشۇش خۇشاللىقىدا ئالدىراپ ۋە جۇشقۇنلاپ ئېقىپ كېلىۋاتقان قايدۇ سۈيىنى يۈزلەپ، مىڭلاپ، تۈمەنلەپ يېڭى قىرغاقلارغا باغلىۋالدى. ئۇلارغا سۇ كېرەكمىش، سۇ!

ھەئە! سېنىڭ كۆزلىرىڭ، سېنىڭ ئاشۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە گىرىتىيىپ قالغان غەمكىن كۆزلىرىڭ!

سېنىڭ بويلىرىڭ-ئەجدادىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۈيۈك مەدەنىيەت ۋە ئەقىل مىراسلىرىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنىسى، جەڭگىۋار تارىخىمىزنىڭ شەۋكەتلىك ئابىدىسى، ئۇيغۇر يارالغان ئەڭ قەدىمىي ماكان بولمىش قارا شەھەر ئويمانلىقى ھاۋاسى ساپ، مۆتىدىل بىر بوستانلىق ئىدى. قاراشەھەر ئويمانلىقى قىشنىڭ يارىمىقى قاردىن، يازنىڭ يارىمىقى يامغۇردىن ھېچقاچان قىسىلمايتتى، ئەمدى بۇ بوستانلىقنىڭ نەمىلىكىنى يوقاتقان ھاۋاسى يېلىنجاپ كۆيىدۇ، قۇرغاقچىلىق، ئىسسىق بوران، زىيانلىق ھاشارەت، زىرائەت ۋە ئادەمگە تېگىدىغان ھەر خىل كېسەللىك بۇ بوستانغا خەۋپ سالماقتا... شۇ كۈنلەردە كىشىلەر ئاشۇ يامغۇر بىلەن قارنى يوقسىنىشىدۇ...

ھەئە، سېنىڭ كۆزلىرىڭ، ھالسىراپ قالغان، ئاغرىق، نىمجان تەبىئەت ئانىنىڭ ھالىغا ئىسسىكەپ ياشلانغان دەردلىك كۆزلىرىڭ...

ھەي ئادەملەر! يەر شارىنىڭ بۇ بۆلىكى ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ! ھەي ئادەملەر، يەر شارى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالدى، يەر شارى ئۆزىنىڭ بىر خىل ۋە ئۆزھال ئايلىنىشىنى يوقىتىپ، جۇلىقى چىقىپ كەتكەن «يار-يار» ھارۋۇنىڭ قېيىپ كەتكەن چاقىدەك قورقۇنچلۇق دەرىجىدە پۇلاڭشىپ ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدى. يەر شارىنىڭ گەردىشى كالاك كەتتى.

چۈنكى بۇ يەردە نوپۇس زىيادە كۆپىيىپ كەتتى. گال غېمى بۇ يەرنىڭ تەبىئىتىنى، تەبىئەت مۇۋازىنىتىنى بۇزماقتا!

ئەمدى تېزگىنلىمىسەك قاچان تىزگىنلەيمىز؟ ئەمدى چەكلىمىسەك قاچان چەكلەيمىز؟ ئەمدى چۆچىمىسەك قاچان چۆچىيمىز؟

ھەي ئادەملەر! بەس، بولدى، ئىنساب قىلىڭلار! باغراشنى ئاچكۆزلەرچە قىستاۋەرمەڭلار! ئۇ، مىللىتىمىز يارالغان بۆشۈكقۇ؟ مىللىتىمىزنى باققان-ئۆستەرگەن ئانىمىزغۇ؟ ئۇ، مىللىتىمىزنىڭ تىلىنى، ئەقلىنى، ناخشىسىنى، ئىپتىخارىنى، تارىخىنى ۋە پەلسەپىسىنى يارىتقۇچىغۇ؟

ئەي ئەقىل ئىگىسى، قومۇشلارغا ئوت ياققىنى، قىپقىزىل يانغىنى ۋە قاپقارا بۇلۇتتەك ئىس-تۈتەك بىلەن تەبىئەت ئانىنىڭ دېمىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ياشلىغىنى! باغراشنىڭ جان بېغىشى بولمىش قايدۇنىڭ سۈيىنى خالىغانچە تاراشلىغىنى، ئارقاڭغا قارا، باغراشنى قىستىۋېدىڭ. ئۇنى قۇرىتىۋېدىڭ. ساڭا نېمە قالدى؟ ئېغىر ۋە ئۆلۈك تاشلار چوخچىيىپ قالغان دەشت ساي، پورپاڭ ئۆرلەپ كەتكەن شورلۇق ۋە ئۇنۇمسىز تېتىر يەر، چاڭقاقتىن چاك-چاك يېرىلىپ قاغجىرغان چۆللۈك، تاغدەك-تاغدەك قۇم بارخانلىرى ... كېسەللىك، ھاشارەت، قۇرغاقچىلىق، بوران، نامراتلىق، كۆرۈمسىزلىك...! ئاڭلا ھەي ئادەم، باغراش كۆلى يىلىغا 200 مېتىر تېزلىكتە تارىيىۋاتىدۇ!!

## 2. باغراش — شېئىر

شۇنداق، تامچىسەن، تەبىئەت ئانىنىڭ كۆز يېشىسەن! خۇداغا شۈكرى، سەن ئۆزدە قۇياش ئەكسىنى چاقناتقان تامچىسەن، ئۆزدە شاھانە گۈزەللىكنى پارلاتقان تامچىسەن...

... كۆك ئاسماندەك كۆپكۆك سۇ، پاكىزە، تەگسىز، تىنىق ۋە زىلال. كائىناتتەك چەكسىز سۇ، سىرلىق، ھەيۋەتلىك ۋە قۇدرەتلىك.

كۆۋۈللەپ تۇرغان پايانسىز قومۇشزارلىق، ياپيېشىل، چاقناق، خۇشپۇراق ۋە تىلسىملىق.

تاڭ قۇياشى كۆتۈرۈلگەندە قۇياشنىڭ گەردىشىدىن زىلال ساقىيىدۇ، كۆك سۇ تامچىيدۇ. چۈنكى ئاخشام قۇياش باغراشقا چۆمۈۋالغان. شۇ تاپتا ئۇ كۆلدىن كۆتۈرۈلدى. باغراشنىڭ قۇياشى تازا، نەمخۇش ۋە سالقىن. چۈنكى ئۇ تۈن بويى كۆلدە يۇيۇنىدۇ...

كۆككە باقساڭ بىر تەرەپتە ئالتۇن ئاي، بىر تەرەپتە تىللا كۈن... قۇياش ئانىسى، تولغان ئاي ئۇنىڭ بالىسى. قۇياش ئاخشام كۆل ئىچىدە تەۋەللۇت قىلغان ئىكەن. سۇ ئىچىدە تۇغۇلغان ئاي شۇ قەدەر روشەن، يارقىن ۋە گۈزەل بولىدىكەن...

قىرغاقتا تۇرساڭ، غۇر-غۇر شامال يۈزۈڭنى سىيپايدۇ. قومۇش ۋە شىۋاق ھىدى سېنى ئورايدۇ... كۆل ئۈستىدىن ئىلاھىي نۇر-كۆك نۇر تارايدۇ. كۆل يۈزىدە ئاققۇ، بېلىق ئالغۇچ ئوينايدۇ.

قومۇشزاردا تورغاي، بۇلبۇل ئۇنلەيدۇ. يىراقلاردىن بېلىقچىلار پاراخوتىنىڭ گۈدىكى ياڭرايدۇ، كۆلدىن قايتقان بېلىقچى يىگىت مالىخىيىنىڭ ئاستىدىن ساڭا ياتسىراپ قارايدۇ... ئۇ ھاياجانلانغىنىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بوران-چاپقۇن ۋە دولقۇن ئىچىدە چوڭ بولغان. ئۇنىڭ خاراكتېرى مەھكەم ۋە قەتئىي؛ ئۇ ئۆز مۇھىتىنىڭ شۇ قەدەر گۈزەللىكىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇمۇ باغراشتىن ئىبارەت مۇشۇ گۈزەل سۈرەت ئىچىدە بىر سۈرەت. ئۇنىڭ تېنى، تىلى، ئوي-خىيالى، نەزەر-كۆزى، تەپەككۇر-تۇيغۇسى مۇشۇ كۆل بىلەن، ئاشۇ ئۇلۇغ مۇھىت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنى باغراشنىڭ بىر پارچىسى، مۇھىتنىڭ بىر قىسمى دەپ سانايدۇ. شۇڭا ئۇ سېنى ئىزتىراپ قىلغان گۈزەل مۇھىتقا پەرۋا قىلمايدۇ — خۇددى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان چىن ئەركەك ئۆز ئۈستىبېشىغا سۈيۈنۈش، ھەيرانلىق ياكى ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە سەپسالمىغاندەك؛ ئۆزىنىڭ تۇرقى-سىياقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئويلاپ قويمىغاندەك...

ئاق پاراخوتنىڭ ماچتىسى لىغىلداپ تۇرغان كۆك نۇر ئىچىدىن، قىزنىڭ قېشىدەك ئىنچىكە سوزۇلغان ئۇپۇقنىڭ نېرىسىدىن غىل-پال مارايدۇ...

بۈيۈك باغراش، زېمىننى قۇچۇپ تىترەپ تۇرغان كۆك نۇر چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئۇلۇغۋار جىمجىتلىق قوينىدا غەمكىن ۋە ئۈنسىز تەۋرەيدۇ... ئۇ تارىخ ۋە ئەتىگە باغلانغان ئاجايىپ چۈشلەر ئىلكىدە تىترەپ قالغان، ئۇ گۈزەل ۋە خىيالچان...

## 3. باغراشلىقنىڭ كۆڭلى

1990- يىل يازدا، ئۈرۈمچىدىن ئوينىغىلى كەلگەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قايدۇ دەرياسىنىڭ باغراش ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بىر توسمىغا يېقىن يەردە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋېتىپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ بۇ ئەتراپتا ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق ئىكەن، ئۆزىنىڭمۇ بۇ يەرگە تۇنجى كېلىشى ئىكەن.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باغراش خەلقى قوزغىلىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كېتىش ھەر يىلى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ھادىسە بولسىمۇ، بىر ياقا يۇرتلۇق يىگىتنىڭ بەختسىزلىكى بۇ يەردىكى مىڭلىغان ئادەمنى ھېچقانداق سەپەرۋەرلىكسىزلا ئايىغا تۇرغۇزۇپتۇ. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئادەم چىقىرىش بىلەنلا قالماي، ناھىيىدىكى ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، ھەربىي قىسىملارمۇ ھەرىكەتكە كەپتۇ. يۈزلىگەن ئادەم دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى كېچە - كۈندۈز تىنتىپتۇ ۋە ئاخىرى جەسەتنى كۆلگە كېتىشتىن ئىلگىرى سۈزۈۋاپتۇ ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ئېنىقلاپ ئۇلارنى چاقىرتىپتۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆپ جەھەتلىك غەمخورلۇق قىلىپتۇ. تومۇز ئىسسىق بولغاچقا جەسەتنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىگىچە چىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن مۇز كېرەك بولغاندا بېلىق توڭلىتىش ئىسكىلاتى ئۆزلۈكىدىن ھەقسىز مۇز ياردەم قىپتۇ. ئادەملەر قازاغا ئۇچرىغان يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق بولۇپتۇ. يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلغان ئاتا - ئانىنىڭ مۇسىبەت قايغۇسىغا شېرىك بولۇپتۇ. بالىسىنىڭ جۇدالىق ھەسرىتى بىلەن ئۆرتەنگەن ئاتا - ئانىنىڭ يۈرىكىگە باغراشلىقلارنىڭ سەممىيىتى، ۋاپادارلىقى، مېھماندوستلۇقى بىردىنبىر تەسەللىي بولۇپتۇ. ئۇلار باغراشتىن ئايرىلىدىغان چاغدا: «بىز مۇشۇ چەت - ياقىدا ئادىمىگەرچىلىكنىڭ، ئىنسانىيەتچىلىكنىڭ، دوستلۇق ۋە سەممىيەتنىڭ ئۈلگىسىنى كۆردۇق...» دەپ كۆز يېشى قىلىپتۇ...

دوستۇم، بۇ، باغراشلىقلارنىڭ پەزىلىتىنى ئاشكارا قىلىدىغان يۈزلىگەن مىسالنىڭ ئەڭ ئاددىيسى!

بىلەمسەن، باغراشلىقنىڭ كۆڭلى - كۆكسى بەئەينى باغراش كۆلىدەك كەڭ، سەممىيىتى باغراش كۆلىدەك چوڭقۇر، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي مۇھەببىتى باغراشنىڭ زىلال سۈيىدەك پاكىزە، باغراشلىقنىڭ يۈرىكى باغراش ساھىلىدىكى تەبىئىي تۇز خرۇستالىدەك چاقناق ۋە يالتىراق!

## 4. كۆل «قاراقچىسى»

گۈگۈم پەيتى. پىكاپىمىز كۆلنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە قىشنىڭ گۈگۈم پەيتىسى قارا تۈنىگە ئوخشاش قاراڭغۇ.

كىمدۇ بىرى شوپۇرغا بۇيرىدى:

- غارغالتىنىڭ ① ئۇزدىگە تارتىڭ.

① غارغالتا — دەريا، دېڭىز، كۆللەردە كېمە توختايدىغان، يۈك چۈشۈرىدىغان پىرىستان، سۇ ئىچكىرىسىگە سوزۇلغان سۇپا.

شوپۇر پىكاپنى ئېھتىيات بىلەن غارغالتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلاپ ئىچكىرىلەپ ماڭدى. بۇ غارغالتا بىتوندىن ياسالغان ئىدى. غارغالتىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياكور تاشلاپ ياتقان چوڭ... كىچىك پاراخوت، كېمىلەر ئاستاغىنا تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۇدۇلىمىزدىن بىر كېمە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چىراغ تارتىپ گۈدۈكىنى ياڭراتقىنىچە غارغالتىغا يېقىنلىشىپ كەلدى ۋە غارغالتىغا يانداپ كېلىپ ياكور تاشلىدى. كېمىدىن كىمدۇر بىرى غارغالتىغا سەكرىدى ۋە بىزگە قارشى ئالدىراپ كەلدى.

— يۈسۈپجان، — دېدى بىرى، — داڭدار بېلىقچى، كۆل قاراقچىسى... ماشىنىنى توختىتىڭ.

مەن چىراغ يورۇقىدا، ئۈستىگە پىلاش كېيىپ، پىلاشىنىڭ باشلىقىنى ئارقىسىغا تاشلىۋالغان، پۈتىغا رېزىنكە ئۆتۈك كىيگەن بەستلىك بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇقتا يېنىپ تۇراتتى، ھەتتا سەل قەھرلىك ئىدى. مەن بۇ كۆزلەرنى قەيەردىدۇر كۆرگەن ئىدىم.

— ھېلىقى تاھىر ناۋاينىڭ بالىسى يۈسۈپمۇ؟

— ھەئە، دەل ئۆزى.

—ئۇ بېلىقچى بولۇپ كەتتىمۇ؟ نېمىشقا كۆل قاراقچىسى دەيسىلەر؟

— كۆلنى، كۆلنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇ، كۆلنى بويسۇندۇرۇۋالغان. باشقىلار 3 — 4 بال شامالدا كۆلگە كىرىشتىن قورقىدۇ، ئۇ بولسا خېلى كۈچلۈك بوراندىمۇ باغراشنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ كېمىسى ئاسانلىقچە ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. خۇددى ئاساۋ ئاتنى كۆندۈرۈۋالغاندەك دولقۇنلارنى كۆندۈرۈۋالغان. قىشمۇ-ياز كۆلدىن چىقمايدۇ، تۇۋا دېمەن، كۆلمۇ ئۇنى يەكلىمەيدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرى چەت ئەلنىڭ كىنو- رومانلىرىدىكى دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشايدۇ — قارام، قورقماس، چۇس ۋە تەرسا. ھەر قانداق تەۋەككۈلچىلىكتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. بېلىق ۋە تور ئوغرىلىرى ئۇنىڭدىن قاتتىق ھېيىقىدۇ. شۇڭا ئۇنى كۆل قاراقچىسى دەيمىز. ھازىر بېلىقچىلار ئىچىدە ئەڭ بېيى شۇ...

شۇ ئەسنادا يۈسۈپجان ماشىنىمىزنىڭ يېنىغا كەلدى. بىز پىكاپتىن چۈشتۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. بىز ماشىنىنىڭ يان تەرىپىدە تۇرغىنىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. لېكىن خىرە-شىرە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مەن ئۇنىڭ مۇزدەك قاتتىق يۈزىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ قەھرلىك ۋە چوڭ-چوڭ كۆزلىرىنى ئىلغا قىلدىم. بىز كونا تونۇش ئىدۇق، كىچىكىمىزدە دەريا بويىدىكى ئورماندا بىللە توشقان قوغلىغانىمىز، ياغاچ قىلىچ ۋە تاپانچىلار بىلەن قوراللىنىپ «جەڭ» قىلغانىمىز. مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىۋېتىپ بۇ مۇزلىغان، قوپال، بىردىك ۋە قاداقلىشىپ كەتكەن يوغان قوللارنىڭ ھەرقانداق ئىشقا قادىر قوللاردىن ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

باغراشلىق دوستىمىز ئۆمەرجان مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. يۈسۈپجان ماڭا ئىرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى.

تۇۋا، ئادەم دېگەن شۇ قەدەر ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن-دە، ئۇ چىرايلىقىنە، پاكارراق، ئەركە ۋە تارتىنچاق بالا ئىدى. شۇ تاپتا مەن ئەت-يېنىدىن بېلىق پۇرىقى ۋە كۆلنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان، قامەتلىك، بېپەرۋا، ئۈنچىقماس، بىلىنەر-بىلىنمەس تەرسالىق ۋە ياۋايىلىق بىلىنىپ تۇرغان بىر قوپال بېلىقچىنى كۆرۈۋاتاتتىم.

«ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس» دەپ ئويلىدۇم ئۆزۈمچە: مۇشكۇل تۇرمۇش، جاپالىق ھايات ئۇنى ئۆزگەرتىپتۇ، بوران - چاپقۇن ۋە شىددەتلىك دولقۇنلار بىلەن بولغان تىنىمسىز كۈرەش ۋە ئېلىشىشلار ئۇنى تاۋلاپتۇ، ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرىنى دەل باغراش كۆلى بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى دەل باغراش كۆلىنىڭ خاراكتېرى ئەمەسمۇ؟

— ئانام قانداغراق؟ — سوراپ قالدى يۈسۈپجان ئۆمەردىن.

— ئاناڭ تىنچلىقى، مىجەزى خېلىلا ياخشى، بۈگۈن چۈشتە كۆرۈپ چىقتىم.

يۈسۈپجاننىڭ ئانىسى ئالدىنقى كۈنى كېسەللىخانىغا ئېلىنغان ئىكەن. ئۆمەرجان دوستىنىڭ ئانىسىنى دوستىنىڭ ئورنىدا يوقلاپ تۇرغان ئىكەن.

— خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن ئەسلىدە كۆلدىن چىقمايتتىم. كەچ بولغانسېرى ئۆزۈمچىلا ئانامدىن ئەنسىرەپ قالدىم، شۇڭا قايتىپ كېلىۋېدىم. ياخشى ياتقان بولسا بېرىپ تورلىرىمنى تاپاي... — ئۇنىڭ ئاۋازى گاراڭ-گۇرۇڭ، ھەر بىر سۆزى ئېغىر ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېمىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ھېچكىمگە خوشمۇ دەپ قويمىغان ئىدى. مەن غەلىتە مىجەز بېلىقچىنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم.

بىز غارغالتىنىڭ كۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ توختىغان يېرىگە كەلدۇق. باغراش ساياھەتچىلىرى ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقاچقا، غارغالتىنىڭ توختايدىغان يېرىگە بىر گۈزەل راۋاق سېلىنىپتۇ. بىز راۋاق ئاستىدا تۇرۇپ قاراڭغۇلۇق قوينىدىكى باغراش كۆلىگە يۈزلەندۇق. قاراڭغۇ بولغاچقا كۆلنىڭ پەقەت 100 مېترچە ئارىلىقىنى ئىلا - پەرق قىلغىلى بولاتتى، كۆل سۈيىنىڭ غارغالتىغا يەڭگىل شالاپشىپ ئۇرۇل-

خىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆل يۈزى جىمجىت ئىدى. بۈيۈك كۆل قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقاندەك، كۆلنىڭ ئىچكىرىسىدىن بېلىقچى پاراخوتلارنىڭ، كاتېرلارنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك گۈدۈكى ئاڭلىنىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. غۇر - غۇر شامال بېلىق پۇرىقى بىلەن سۇنىڭ سالقىن ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ. باغراش كۆلى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ۋە ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار، تېخىمۇ قۇدرەتلىك ۋە تېخىمۇ سېھىرلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

— مانا بۇنى پىشۇرۇپ يەڭلار، ھېلىلا تۇتقان بېلىق.

بىز ئارقىمىزغا ئۆرۈلدۇق. كۆل قاراقچىسى يېرىم تاغار بېلىقنى ئالدىمىزغا تاشلىدى. ئۇ ماڭا يەنە «لەپپىدە» قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ باللىق ۋاقتىدىكى دوستىنى كۆلكە-چاقچاق ۋە تەكەللۇپ بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى بىلەن كۈتۈۋالماقچى بولغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ماڭا: «مانا مەن مۇشۇنداق ياشاۋاتىمەن ئاغىنە!» دېمەكچى بولغانلىقىنى بىردىنلا بايقاپ قالدىم — ئۇ بېلىقنى مېنىڭ ئالدىمغا تاشلىغان ئىدى. پاھ! ماۋۇ خاراكتېرنى — باغراشلىق بېلىقچىنىڭ خاراكتېرى. ھەقىقىي كۆل قاراقچىسىنىڭ، مۇشكۇل ھايات ئىچىدىكى ئادەمنىڭ خاراكتېرى!

بىز قايتماقچى بولدۇق.

— مەنمۇ مەھەللىگە قايتىمەن، — دېدى كۆل قاراقچىسى ئۇشتۇمتۇت.

— تېخى ھېلىلا كۆلگە كىرىپ كېتىمەن دېۋىدىڭغۇ؟

— بىزنىڭكىلەرنىڭ بىرسىنىڭ كېمىسى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ، بەك يىراقتىن چىراغ بىلەن بەلگە بەردى. مەھەللىگە بېرىپ خەۋەر قىلىپ قويمىسام كېچىدە بوران چىقىپ دولقۇن

كۆتۈرۈلۈپ قالسا چاتاق بولىدۇ. قوشنا ئەترەتنىڭ بېلىق كېمىسى بولسا كېرەك، خەۋەر قىلىپ قويۇپ ئاندىن ئىشىمغا ماڭىمەن ... — ئۇ خىياللىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە، — جىم تۇرغان كېمە ئاسان ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ ... — دەپ قوشۇپ قويدى.

— مۇشۇ كېچىدە يەنە كۆلگە كىرەمسىز؟ — سورىدىم مەن.

ئۇ ماڭا يەنە بايىقىدەك قاراپ قويدى.

— نېمە پەرقى؟! بېلىقچىغا كېچە بىلەن كۈندۈزى ئوخشاش. ئەتە- ئۆگۈنلا مۇز قاتىدۇ. ئۇ چاغدا... ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. ھەپتە- ئون كۈنگىچە كۆلدىن چىقمايمەن. ئانامدىن خاتىرجەم بولدۇم.

بىز قايتتۇق، يۈسۈپجان بېلىقچىلار مەھەللىسىدە ماشىنىدىن چۈشتى.

— ئۆيگە كىرىپ بىرەر شىشىدىن يېڭى بېلىق بىلەن ... — دېدى ئۇ ماشىنا كۆزنىكىدىن بېشىنى تىقىپ بىزگە.

— رەھمەت.

ئۇ ھەتتا خوشلىشىش ئۈچۈن قولىنىمۇ بېرىپ قويمىدى. بىز يۈرۈپ كەتتۇق.

— قولى بەك تاتلىق بۇ كاساپەتنىڭ، ھېچقانداق خۇرۇچ ئىشلەتمەي باغراشنىڭ سۈيىدە پىشۇرغان بېلىقنى تېتىپ قالساڭ، يەنە بىر يىلغىچە تەمىنى ئۇنتۇمايسەن. ئۈرۈمچىنىڭ ئالىي رېستورانلىرىدىمۇ بۇنداق پىشۇرالمايدۇ.

ناھىيىگە كېلىپ ئەتىسىلا يۈسۈپجاننىڭ ئانىسىنىڭ كېچىچە جان ئۈزگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

يۈسۈپجان ئانىسىز قالغان ئىدى. تۈنۈگۈن بىز ئۇنى ئالداپتۇق. ياق، تەقدىر ئۇنى ئالدىغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ قايغۇلۇق قىياپىتىنى، چوڭ - چوڭ كۆزلىرىنىڭ ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ياشلانغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم. ياق. ئۇ بىرەر ھەپتىگىچە ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئانىسى ئۇنى چاقىرغان ئىكەن. ئۇ باغراش ئوغلى ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئانىسىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى.

كۆل قاراقچىسى، ئانىسىز قالدىم دېمىگىن، سەن شۇ تاپتا يەنىلا ئاناڭنىڭ قوينىدىسەن، ئۇ ئاناڭ سېنى ئەبەدىي تاشلىۋەتمەيدۇ، ئۇ ئاناڭنى مەھكەم قوچاقلا كۆل قاراقچىسى، ئۇ ساڭا ھەممىنى بەرگەن ۋە ھەممىنى بېرىدۇ.

## 5. باغراش قىزلىرى

ياز كۈنلىرى باغراشنىڭ داپسۇن ① سايازلىقىنى غۇچچىدە نىلۇپەر گۈلى قاپلاپ كېتىدۇ. يالىلداپ تۇرغان نىلۇپەر گۈللىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. باغراشنىڭ نىلۇپەر گۈلىنىڭ غولى زىبا، تاجىسى ھال رەڭ بولىدۇ.

توۋا! باغراش قىزلىرى سەپسەن نىلۇپەرنى تارتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چوڭ، روشەن ۋە ئوتلۇق، ئۇلارنىڭ بويلىرى نىلۇپەر گۈلىنىڭ غولىدەك زىبا ۋە ئەۋرىشىم. مەڭزى نىلۇپەرنىڭ ياپرىقىدەك ھال رەڭ... باغراش قىزلىرىنىڭ ئۆڭى تۈگەل ئاق ۋە سۈزۈك كېلىدىكەن.

چوڭ شەھەرنىڭ قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېرىسىنى ئاسراشقا بەك ئەھمىيەت بېرىشىدۇ. لېكىن مەن ئۈرۈمچىدە ئۆڭى باغراش قىزلىرىنىڭ ئۆڭىدەك بېجىرىم، سۈزۈك ۋە ئاق، تەبىئىي رەڭدار كەلگەن قىزلارنى كەمدىن-كەم ئۇچراتتىمەن. ھەممىلا يەردە گۈزەل قىزلار بولىدۇغۇ؟ لېكىن باغراشنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىسىلا خۇددى بىر-بىرىگە تارتىشىپ تۆرەلگەن

① يەر ئىسمى.

ئاققۇلاردەك تەكشى گۈزەل ئىكەن. قايسىلا قىزغا قارىساڭ، ئۇلارنى نەدىلا ئۇچراتساڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقاڭغا ئۆرۈلۈپ يەنە بىر قارىغۇڭ كېلىدۇ، يەنە بىر... ئۇلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، خۇشخۇي، مۇلايىم، ئوچۇق، شوخ، لېكىن ئەدەبلىك. بۇ قىزلارغا قارىغانسېرى داپسۇن سايىزىدا ئېچىلىپ لاۋۇلداپ تۇرغان توپ-توپ، جۈپ-جۈپ ۋە يالغۇز نىلۇپەر گۈللىرى ئىختىيارسىز يادىڭغا كېچىدۇ. ناھىيە بازىرىدا، مەكتەپ-ئىدارە قورۇلىرىدا، مەھەللە - كوچىلىرىدا ھەرقاچان ئۇچراپ تۇرىدىغان قىزلار توپى شۇنچە گۈزەل، شۇنچە نازاكەتلىك، شۇنچە خۇشپىچىم، شۇنچە رەڭدار ئىكەنكى ئۇلار گويا قىزلار توپى ئەمەس گۈللەر توپى، نۇرلار توپى، ئايلار توپى - چىن مەنىسى بىلەن گۈزەللەر توپى!

چوڭ شەھەرلەردە شۇ كۈنلەردە مودىۋازلار ئايىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كېيىم مودىسى بىر كېچىدە بىر خىل ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئېسى-يادى مودا يېڭىلاشتا، شۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پۇل، قانچىلىك ۋاقىت، قانچىلىك زېھىن كۈچى بىھۇدە كېتەر ئىكىن-تاڭ؟ شۇنچىلىك ئەجىر قىلغانغا، زورۇققانغا چۈشلۇق بۇ مودىۋازلارنىڭ كېيىنىشى كىشىگە كىچىككىنە بولسىمۇ روھىي ئازادىلىك ۋە ھوزۇر بېرەلىسە كاشكى! بەزىلەرنىڭ كېيىنىشىگە قاراپ «ساراڭمۇ نېمە بۇ؟!» دەپ قالىسەن! قارىساڭ بىر چىرايلىق، ساپ-ساغلام قىزلار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەتەي كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن كىيگەن كىيىملىرى، قىلغان پەردازلىرى ئۇلارنى تۇرغانلا بىر ئەخمەق ۋە ساراڭغا ئوخشىتىپ قويغان. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن دەۋر ياشلىرىغا خاس تەربىيىلىنىش، جۇشقۇنلۇق، مەدەنىيەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئەقەللىي پۇرىقىنىمۇ تاپالمايسەن. راست گەپ، بىزدە بىر قىسىم قىزلار مودا قوغلىشىپ ئەقلىدىن ئادىشىۋاتىدۇ!

باغراش قىزلىرىنىڭ كېيىنىشى ئۆزگىچە ئىكەن - ھەم مەدەنىي، ھەم يارىشىملىق، ھەم زامانىۋى، ھەم مىللىي. ئۇلار ھەقىقەتەن كىيىم كېيىشنى، كىيگەندىمۇ ياراشتۇرۇپ كېيىشنى، كېيىنىشتىكى ئۆلچەم ۋە ئۇستىلىقى بىلەن كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاشنى بىلىدىكەن. ئۇلار ئاشۇ ھەم مەدەنىي، ھەم مىللىي ۋە تەبىئىي ياسىنىشى بىلەن ھەم باغراشقا بىر يەرلىك، مەھەللىۋى گۈزەللىك بەخش ئېتىدىكەن، ھەم مۇشۇ چەتكۆل باغرىدا، ئۇچۇردىن، تۈرلۈك مەدەنىي ئۇچرىشىشلاردىن خالىي پىنھان ماكاندا ئۆزلىرىگە تەسەللىي تاپىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، مۇھىتنى بېزەيدىكەن! ئۇلارنىڭ كېيىنىشى ئۆزلىرىنىڭ بوي-تۇرقىغا، سۇبات-قامىتىگە، ھۆسن-چىراي، خۇلق- مىجەزىگە شۇنچىلىك ماسلاشقانكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەقىقىي ئۇيغۇر خاراكتېرى، ھەقىقىي ئۇيغۇر گۈزەللىكى، ھەقىقىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى پارلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنى ھەم ئۆز ھېس قىلىسەن ھەم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىسەن. بۇ جەھەتتە باغراش قىزلىرى ئۈرۈمچى قىزلىرىغا ئۈرنەك بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇلار گويا تەگ.. تېگىدىن تەبىئىي ئۇيغۇر گۈزەللىكى ئۈچۈن ئەۋرىشكە سۈپىتىدە يارالغاندەك! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى تەبىئىي ۋە چىن بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى، جەلپكارلىقىنى قىشمۇ-ياز بىر خىلدا ساقلاپ قالىدىكەن، خۇددى داپسۇن نىلۇپەرى يازدا سۇ بېتىدە، قىشتا مۇزنىڭ ئاستىدا بىر خىل رەڭ، بىر خىل جۇسۇندا جۇلالاپ، يالىلداپ ئېچىلىپ تۇرغاندەك.

ھەئە! باغراش قىزلىرى باغراش نىلۇپەرلىرىنىڭ تىرىك نۇسخىسى ئىكەن. ئۇلارغا چىراي گۈزەللىكى، سۇبات-قامەت گۈزەللىكى، روھ

(ئاخىرى 43 - بەتتە)






(بىر كۆرۈنۈشلۈك دراما)

تۇرغان شاۋۇدۇن

قاتناشقۇچىلار

ئۆمەرجان: دوختۇرخانا باشلىقى 55 ياشلاردا

سېلىمجان: دوختۇرخانىنىڭ خوجىلىق مۇدىرى 50 ياشلاردا

بەختىيار: دوختۇرخانىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى 30 ياشلاردا

ئالىمجان: چىش دوختۇرى 28 ياشلاردا

زەينۇللا: تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى 55 ياشلاردا

دوختۇرلار ۋە سېستىرالار، بىمار، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، سازچىلار، رېستورانىدە خادىمى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خادىملىرى.

ۋاقتى كۈز



ئورنى: شەھەردىكى مەلۇم دوختۇرخانىنىڭ مەردىكە زالى.

سەھنە تۈزۈلۈشى: سول تەرىپىدە كىرىش ئىشىكى، ئوڭ تەرىپىدە ئاشخانىغا چىقىش ئىشىكى جايلاشقان مەردىكە زالى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قانچە يۇمىلاق شىرە ۋە دىۋانلار قويۇلغان، تۆر تامغا «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دېگەن پلاكات ئېسىلغان.

(پەردە ئېچىلىشى بىلەن جىددىي مۇزىكا ساداسى ئىچىدە تاملارغا ھەر خىل رەسىم، ھۆسنخەت، لوزۇنكىلارنى چاپلاۋاتقان دوختۇرلار - سېستىرالارنىڭ تولىمۇ ئالدىراش قىياپىتى كۆزگە چېلىقىدۇ. قىزلارنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىغا دىسكو ھەرىكەتلىرى ئارىلاشقان. ئۆمەرجانمۇ ئۆردەكتەك ئېغىناقلىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قول سالماقچى بولىدۇ، لېكىن پۇت - قولى قولاشماي ئىختىيارسىز كۈلكىگە قالىدۇ. تەييارلىق ئىشلىرى شۇ ھالدا ئاياغلىشىدۇ.)

ئۆمەرجان: (پۈشۈلداپ) ئالىمجان دوختۇر، قېنى، بىر تەكشۈرۈپ چىقىڭا. ئىشلىرىمىزنىڭ چالىسى بارمۇ - يوق؟

ئالىمجان: (زالغا كۆز يۈگۈرتۈپ) ھەممە نەرسە كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ. مۇھىمى، ئۆزىڭىز قول سېلىپ ئىشلىمىدىڭىز - دە، يۈەنجاڭ.

ئۆمەرجان: ئۇھ... (ئۆزىنى دىۋانغا تاشلايدۇ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كۆزەينىكى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھاسىراپ - پۈشۈلداپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ.) سىللەر تېخى گۆدەك، ئىش كۆرمىگەن. سىلەردە قىزغىنلىق بار، تەدبىر يوق. مەن باشلاپ تۇرمىسام ئىشنى بۇزۇپ قويىسىلەر. شۇڭا «ئاچقۇچ رەھبەرلىكتە» دەيمىز - دە. ۋاي بېلىم ... ۋاي... (بېلىنى سىلاپ، تەرلىرىنى سۈرتىدۇ، بىر سېستىرا غولىنى تۇتىدۇ، بىرسى چاي ئېلىپ كېلىدۇ، بىرسى يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈيدۇ. شۇ ھامان ئۆمەرجاننىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كېتىدۇ، كۆزەينىكىنى تۈزەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرىدۇ.) مانا، مانا، شۇ تاپتا كاللامغا بىر ئەقىل كەچتى. (ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ.)

ئالىمجان: قېنى، ئېيتسىلا يۈەنجاڭ.

ئۆمەرجان: تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن يەلپۈگۈچ ئەكىلىپ قويىدىغان ئىشنى زادىلا ئويلاشماپتۇق ئەمەسمۇ.

ئالىمجان: مانا بۇ تازىمۇ ئاقىلانە گەپ بولدى.

ئۆمەرجان: (كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ) توختاڭ. بۇ ئاقىلانە گەپنىڭ ئازراق چىكىت چاقىدىغان يېرى چىقىۋاتىدۇ.

ئالىمجان: قانداق؟

ئۆمەرجان: قانداق دېگەندە، يەلپۈگۈچنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قولىغا مۇنداقلا تۇتقۇزۇپ قويساق سەل بىمەنە تۇرارمىكىن. قىزلىرىمىز يەلپۈپ قويسۇنمىكىن دېسەك، ئۇلار كىم بىلەن تانسا ئوينايدۇ؟

ئالىمجان: تانسىمۇ ئوينامدۇ تېخى؟

ئۆمەرجان: بۈگۈنكى تەكشۈرۈش دېگەن يىلدا ئاران بىر قېتىم بولىدىغان «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلارنى تەكشۈرۈش» ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىڭىز قىزىقتە ئالىمجان. تانسىمۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى تۇرسا، ئوينىمامدۇ ئەمەسە؟

ئالىمجان: ئاپلا، بۇنى بىلمەپتىمەن يۈەنجاڭ. يەنىلا چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ - دە.

ئۆمەرجان: (مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ) يولداشلار، شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمىز، گەپ - سۆزىمىز، ئۇرقى - سىياقىمىز، شۇنداقلا مۇھىتىمىزدىن مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىمىز، مانا، مەن، دەپ چىقىپ تۇرۇشى كېرەك؛ قېنى قىزلار، ئەرلەرنى تانىسىغا قانداق تارتىشنى بىلەمسىلەر؟

سېسترا A: تانىسىغا ئەرلەر تارتامدۇ؟

ئۆمەرجان: قىزىقكەنسىز، ساھىبخان بولغانىدىكىن بىز تارتمايمىزمۇ؟ بۇمۇ مەدەنىيەتلىك بولغانىنىڭ بىر ئالامىتى - دە. قېنى بىر مەشىق قىلىپ كۆرەيلى، مەن مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولاي، سىز مېنى تانىسىغا تارتىڭ.

(ئۆمەرجان دىۋانغا يۆلىنىدۇ، سېسترا A ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول قوشتۇرىدۇ.)

ئۆمەرجان: (ياراتماي) بولمىدى. خۇددى شىۋىرغاندا قالغان دىۋانىدەك شۈمشۈيۈۋالغىچە چىرايىڭىزنى ئېچىپ راۋرۇس تۇرماسىز، مانا مۇنداق. (ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئىگىشىدۇ، سول قولى كەينىگە چىقىدۇ.) ھە، ماتامۇشۇنداق. قېنى. كېلىڭ (دىۋاندا ئولتۇرىدۇ، سېسترا A ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ تەزىم قىلىدۇ. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دورايدۇ. ئۆمەرجان يەنە ياراتمايدۇ.) بولمىدى، ئەمدى بىر قانتى سۇنغان ياچۇقەكىنكىلا ئوخشاپ قالدىڭىز... باشقىدىن كېلىڭ. (قىز باشقىدىن تەزىم قىلىدۇ.) ئەمدى سەل - پەل قاملاشتى. مەيلى، قېنى، بىر ئويناپ باقايلى. ھەممىڭلار دىققەت بىلەن كۆزىتىپ پىكىر بېرىڭلار (تانگو مۇزىكىسى چېلىنىدۇ، ئىككىسى تانسا ئوينايدۇ).

ئۆمەرجان: (تانسا ئويناۋېتىپ) دوختۇرخانىڭلار بولمىدىكەن، شۇ قاتاردا سىزمۇ...

سېسترا A: ئەجەبمۇ بەك سەمىرىپ كېتىپسىز، رەنجىمەي قورسىقىڭىزنى سەل - پەل...

ئۆمەرجان: ھە؟ (تانسىدىن توختايدۇ) نېمە تولۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپ قىلىسىز؟ بار راھەتنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر كۆرۈۋاتسا، ئۇلار مەندىن بەك قورساق سالماي قالامدۇ؟ ئۇلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلسىڭىز، بىزنى قانداقمۇ «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا» دەيدۇ. بولدى، ھازىردىن باشلاپ ھەممىڭلار ئەرلەرنى تانسىغا تارتىشنى مەشىق قىلىڭلار. ئاندىن يەنە بىر گەپ، ياراشتۇرۇپ گىرىم قىلىشمۇ مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ بىر بەلگىسى. بۇنى ئالىمجان سىز ئۇلارغا ئۆگىتىڭ.

(ھەيرانلىقتىن ئالىمجاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. قىزلار كۈلۈشىدۇ.)

ئالىمجان: (دۇدۇقلاپ) يۆەنجاڭ، مەن ئۆمرۈمدە بۇ ئىشنى قىلىپ باقماپتىكەنمەن.

(قىزلار يەنە كۈلۈشىدۇ. سىرتتىن ئېگىكى بىلەن بېشىنى چېتىپ باغلىۋالغان بىمار «ۋاي چىشىم» دەپ دادلىغىنىچە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ ئۆمەرجاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچىدۇ.)

ئۆمەرجان: بۇ يەردە سىزگە نېمە بار، ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇپ.

بىمار: چىشىم بەك ئاغرىپ كېتىپ جاننى ئېلىپ ياندا قويۇۋاتىدۇ، باشلىق. ۋاي چىشىم، ۋاي چىشىم، ۋاي قانداق قىلاي.

ئۆمەرجان: ھە، چىشىڭىز ئاغرىۋېتىپتۇ - دە؟ ئەركىشى دېگەننىڭ ئۇنچىۋالا چېنى بوش بولمايدىغان. نەدىكى بىرچىش ئاغرىقىغىمۇ شۇنچە قاخشىغان بارمۇ؟

بىمار: «چىش ئاغرىقىغا ئادەم ئۆلمەس، كىشىلەر كېلىپ كۆرمەس» دېگەن گەپ بولدى - دە بۇ، باشلىق. ۋاي چىشىم... ۋاي چىشىم... ۋايجان....

ئۆمەرجان: چىشىڭىز بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز. بىلىپ قويۇڭ، بۇ دېگەن ئامبولاتورىيە ئەمەس، يىغىن زالى.

بىمار: ئاڭلىسام، دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى مەشەددىكەن، چىش دوختۇرى ئالىمجانمۇ... (ئۇ ئالىمجاننى ئىزدەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتىدۇ. ئۆمەرجان ئالىمجانغا مۆكۈنۈش ئىشارىسى قىلىدۇ، ئالىمجان سېستىرالارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىدۇ. بىراق بىمار كۆرۈۋېلىپ) ئەنە، ئەنە... ۋاي چىشىم، سادىغىلىرى كېتەي ئالىمجان دوختۇر، چىشىمنىڭ ئاغرىقىغا بىر ئامال قىلىسىلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خوش بولاي، ۋاي چىشىم...

ئۆمەرجان: ھەي ئاداش، ئۇ سىلىنىڭ مالىيىگىلىمىتى؛ خالىغانچە ئىشقا بۇيرۇيدىغان؟ ئۇنىڭ تەشكىلى بار، تەشكىلى. بىلىپ قويۇڭلا، بۈگۈن ئۇنىڭ مۇھىم ئىشى بار، كېسەل كۆرمەيدۇ.

(ئاشخانىدىن سېلىمجان چىقىدۇ.)

سېلىمجان: يۈەنجاڭ، خامىسەيلەرنى تىزغاچ تۇرايلىمۇ؟

(ئۆمەرجان بىمارنى ئىشارە قىلىپ، بارمىقىنى لېۋىگە تەككۈزىدۇ. سېلىمجان ئۇقايسىزلىنىدۇ. سىرتتىن سېستىرا B يۈگۈرۈپ كىرىپ ئايشەم دوختۇرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ. ئايشەم دوختۇر ئۆمەرجاننى ئىشارە قىلىدۇ. سېستىرا ئۆمەرجاننىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلىدۇ.)

سېستىرا B: يۈەنجاڭ، تۇغۇت بۆلۈمىگە بىر ئايال كېلىپ قالدى، قانداق قىلىمىز؟

ئۆمەرجان: يەڭگىمىدىكەن؟

سېستىرا B: شۇنداق. ۋاقتى توشۇپ قالغانىدەك قىلىدۇ.

ئۆمەرجان: ئەستاغپۇرۇللا، ئالدىرىغاندا ماۋ ئىشنى كۆرۈڭ ئەمدى. بۇ شەھەردە باشقا دوختۇرخانا يوقتەك نېمە قىلغىنى ئۇ خوتۇننىڭ.

سېلىمجان: شۇنى دېسىلە يۈەنجاڭ، قارىغۇنى تار يەردە قىستىغانىدەك، بۈگۈن تۇغقىسى كېپكەتكىنىنى ئۇ خوتۇننىڭ. خۇدانىڭ باشقا كۈنلىرىدە نېمىگە ئايىپتىكەن؟

ئۆمەرجان: بولدى، قايتۇرۇۋېتىڭ، باشقا دوختۇرخانىغا بارسۇن.

سېستىرا B: بولمايدۇ، قاتتىق تولغاق يەۋاتىدۇ.

ئۆمەرجان: قايتۇرۇۋېتىڭ دېگەندىكىن قايتۇرۇۋېتىڭ. گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. قانداق دېگەن گەپ بۇ. بىز نېمە كويدا، سىز نېمە كويدا.

سېستىرا B: ماقۇل ئەمىسە (چىقىپ كېتىدۇ. چىشى ئاغرىق بىمار قاتتىق غەزەپلىنىدۇ).

بىمار: بۈگۈن سىلەرگە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىدىغانلىقىنى، چېغىڭلاردا مېنى بىلمەيدۇ دەۋاتىسىلەر. كۆز بويامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋالغىنىڭلارنى كۆرەرمىز قېنى، ھۇ، ئالدامچىلار.

(بىمار قاتتىق غەزەپ بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ سىرتتىن كىرىۋاتقان بەختىيارغا سوقۇلۇپ كېتىدۇ. بەختىيار يىقىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ.)

ئۆمەرجان: (پېشانىسىنى تۇتۇپ) ۋايجان، قىزىتمام ئۆرلەۋاتامدۇ، نېمە؟ (پۈتۈن بەدىنى بوشىشىدۇ، ئەتراپتىكىلەر ئۇنى يۆلەپ دىۋانغا ئولتۇرغۇزىدۇ، بىرسى تومۇرىنى

تۇتتىدۇ، بىرسى چاي ئېلىپ كېلىپ دورا ئىچكۈزدى، بىرسى يەلپۈيدۇ. ئۇنىڭ چىرايى سەل - پەل ئېچىلىپ) خۇداغا شۈكرى...

سېلىمجان: ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، يۈەنجاڭ؟

ئۆمەرجان: ھەئە، سەل ئاچچىق يۇتۇۋالدىم. بايا دېيىشكەن گەپكە كېلەيلى.

سېلىمجان: (ئېڭىلىپ تۇرۇپ) ئۇ مۇتەھەممىنىڭ گېپىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. قېنى، قۇلىقىمىز سىزدە، يۈەنجاڭ. بۇيرۇيدىغان يەنە قايسى ئىش بار؟

ئۆمەرجان: يەلپۈگۈچ ... ھېلىقى يەلپۈگۈچنىڭ گېپى...

(سېستىرا ئۇنى دەرھال يەلپۈشكە باشلايدۇ.)

ئۆمەرجان: (ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ) ياق، ياق، مەن بايىقى يەلپۈگۈچ سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى گەپنى دەۋاتىمەن.

سېلىمجان: قانچە يەلپۈگۈچكە ئىسمىيەت تۈزەي، يۈەنجاڭ؟

ئۆمەرجان: ھازىرچە يەلپۈگۈچ سېتىۋالمايلى.

سېلىمجان: نېمىشكە ئەمدى، يۈەنجاڭ.

(ئۆمەرجان ئورنىدىن ھاياجان بىلەن تۇردى.)

ئۆمەرجان: بىز بۇ قېتىمقى «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ پائالىيىتىنى شۇنداق ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىمىزكى، قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇلار بىزدىن رازى بولۇپ قايتمىسا ھېساب ئەمەس. ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تويغىچە يەيمىز، قانغىچە ئىچىمىز، ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئازادە پاراڭلىشىمىز، تانسا دېگەننى پۇخادىن چىققىچە ئوينايمىز.

مانا مۇنداق (ئېغىزىدا غىڭشىپ تۇرۇپ ۋالسقا پىرقىرايدۇ. باشقىلارمۇ ئۇنى دوراپ ئوينايدۇ.) يەپ - ئىچىپ، تانسىغا چۈشۈپ راسا تەرلىگەندە قىزىپ كەتكەن يۈرەكنى يەلپۈگۈچ سەگىتەلەمدۇ. شۇڭا ياخشىسى شامالدۇرغۇچتىن بىر قانچىنى ئەكېلىش بولىدىغان چارىدەك قىلىدۇ. يەنە بىر گەپ. ... ھازىر سورۇنلاردا ئۇنىڭغا قويۇش مودىدىن قالدى. مۇزىكا ئەترىتى تاپماق بولمايدۇ. دەرھال شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

سېلىمجان: بولىدۇ، ھازىرلا ئالاقىلىشاي، يۈەنجاڭ. (چىقىپ كېتىدۇ.)

ئۆمەرجان: (بەختىيارغا قاراپ) ھە، سىزگە تەۋە ئىشلار قانداق بولۇپ كەتتى.

بەختىيار: قورۇ ۋە ئىشخانىلار تازىلىنىپ بوندى. كېسەلخانا ياتاقلىرىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى تېخى چالا.

ئۆمەرجان: (دوق قىلىپ) ئۇكاموي، نېمە دەۋاتىسىز، ئادەمنىڭ ئىمانىنى ئۇچۇرۇپ، قويۇڭا سىزنى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىدىغان ۋاق بوپقالدى، ئەمدى قانداق ئۈلگۈردۇ؟

بەختىيار: زال بېزىلىپ بولغان بولسا، بىر قىسىم كىشىلەرنى باشلاپ چىقىشقا كىرىۋېدىم.

ئۆمەرجان: بولمايدۇ، بولۇپمۇ قىزلار بىلەن ئاياللارنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ.

بەختىيار: زال بېزىلىپ بوپتىغۇ، يەنە نېمە ئىش بار؟

ئۆمەرجان: يەنە نېمە ئىش بار دەيسىزغۇ؟ ئۇلار ئۆزىنى تۈزەشتۈرمەمدۇ.

بەختىيار: ئۇلار شۇنچە پاكىز، رەتلىك تۇرمامدۇ، يەنە نېمىنى تۈزەشتۈردۇ؟

ئۆمەرجان: ئەجەبمۇ زىغىرلاپ سوراپ

كەتتىڭىزا، قاشلىق ئېتىدۇ، ئۇپا سۇرتىدۇ، يەنە ئەڭلىكىمۇ يار. (قىزلار پىخىلداپ كۈلۈشىدۇ.) نېمە كۈلۈشىسىلەر؟ كەچكىچە چىشىمنى چاقىمىغان چوقىدەك ھەجىيىشىۋەرمەي دەرھال مەن دېگەندەك قىلىڭلار، مېڭىڭلار. (قىزلار، ئاياللار چىقىدۇ. بەختىيار ھەيرانلىق بىلەن ئۆمەرجانغا قارايدۇ.) پاقا تەشكەن سۇيىمىدەك قاراپ تۇرماي كېپىڭىز بولسا قىلىڭ، بولمىسا، دەرھال ئىشىڭىزغا مېڭىڭ.

بەختىيار: (يالۋۇرۇپ) مەن ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدىم، يۈەنجاڭ. تازىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىشىنى...

(سېلىمجان كىرىپ گەپكە قۇلاق سالىدۇ.)

ئۆمەرجان: شۇنچىلىك ئىشقىمۇ تىرناق تاتىلاپ تۇرامسىز؟ ھەر قايسى ياتاقلاردىكى يەڭگىلىرەك كېسەللەرنى ئىشقا سالمامسىز، قاراپ تۇرماي.

بەختىيار: كېسەللەرنى ئىشقا سالساق قانداق بولىدۇ، يۈەنجاڭ؟

ئۆمەرجان: سىز دېگەن ئىشخانا مۇدىرى، دوختۇرخانىمىزنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمىتىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلەپ كېلىۋاتىسىز. كېسەللەرگىمۇ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىزغۇ؟ ھەر بىر كېسەل ئالدى بىلەن دوختۇرخانىنى ئۆز ئۆيۈم دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزسۇن، ئاندىن بۇ ئۆيىنى تازىلاشقا كىرىشسۇن.

سېلىمجان: يۈەنجاڭ، مانا بۇ جىق باسىدىغان ناۋاتتەك گەپ بولىدى. دوختۇرخانىمىز «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» بولۇپ باھالانسا، دوختۇرخانىمىزدا ياتقان كېسەللەر ئۈچۈنمۇ شان-شەرەپتە ئەلۋەتتە.

ئۆمەرجان: شۇ ئەمەسمۇ، بۇنداق شان-شەرەپكە پەقەت بىزنىڭ دوختۇرخانىمىزدا ياتقانلارلا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەشنىڭ ئۆزىلا سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى جانلىق ئىشلىگەنلىك. قانداق دېدىم ئالىمجان؟

ئالىمجان: يۈەنجاڭ، مەنمۇ بۇ شان-شەرەپكە ھازىرلا ئېرىشكەندەك بولدۇم. رۇخسەت قىلسىڭىز، ئىشىك-دېرىزىلەرنى سۈرتۈشكە چىقسام.

ئۆمەرجان: سىزدەك يارامىلىق مايسىنى باشتىلا توغرا تاللىغىنىمغا رازىمەن، ئالىمجان. ئۆزىڭىز ئۇستا چىش دوختۇرى، خۇشخەتنىمۇ شۇنداق چىرايلىق يازىسىز. زالنىمۇ مەن كۆتكەندەك بېزىۋەتتىڭىز. ئەمدى ئىشىك-دېرىزىلەرنى تازىلاشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىڭىزگە ئېلىۋاتىسىز. بۇ تۆھپىڭىزنى تەشكىل ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەمىسە چىقىپ بەختىيارغا ياردەملىشىڭ.

(ئالىمجان بىلەن بەختىيار چىقىپ كېتىدۇ.)

ئۆمەرجان: ھە، ئىشلار قانداق بولۇپ كەتتى؟

سېلىمجان: سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون بەردىم، ئۇ قوشۇلدى. سازچىلارنى ئېلىپ كېلىشكە ماشىنىنىمۇ يولغا سېلىۋەتتىم.

ئۆمەرجان: يارايسىز. ئىش دېگەننى مۇشۇنداق كېسىپ-كېسىپ قىلىدىغان.

سېلىمجان: يەنە تۇپ مال دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى سابىرجاندىن تېلېفون كەلدى.

ئۆمەرجان: سابىرجانمۇ؟ ھە، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ تايىنلىق قۇۋۋەت دورىلىرىنىڭ گېپىنى قىلغاندۇ؟

سېلىمجان: ياق، ئۇلارنىڭ قولىدا بىر قىسىم يۇڭ رەختلەر بار ئىكەن، كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ باھاسى ئۆسىدىكەن، دەرھال ئېلىۋالامسىلەر، دەيدۇ.

ئۆمەرجان: نېمە دېدىڭىز؟

سېلمەجان: بىر توپ ئېلىپ قويۇڭ، دېدىم. قولىمىزدا دوختۇرخانىنىڭ پۇلى بولغانىدىكەن، نېمە قورقاتتۇق.

ئۆمەرجان: بولسا، تۆت - بەش توپ ئېلىپ قويايلى، باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ئېيىنى كەلتۈرۈپ ساتساقمۇ، بۇنداق زىياپەتتىن نەچچىنىڭ پۇلىنى چىقىرىۋالمايمىزمۇ.

سېلمەجان: توغرا، ھازىر پۇل تېپىڭلار دەۋاتقاندىكەن.

(گەپ ئۈستىگە بەختىيار كىرىدۇ، ئۇنى كۆرمىگەن ئۆمەرجان ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ.)

ئۆمەرجان: ئۇنداقتا، مال سېتىش ئىشىغا بەختىيارنى سالساقمۇ بولىدۇ.

بەختىيار: (تېرىكىپ) ئەمدى مەن قىلمىغان شۇ ئىش قالدىمۇ؟ سىياسىي - ئىدىيەۋى خىزمەتكە مەسئۇل كادىر مال ساتسا، دوختۇر خەتتاتلىق قىلسا، سېسترالار خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەرنى تانىشقا تارتسا، كەسپىي خادىملارنىڭ نېمە رولى قالىدۇ؟ كەسپىي خىزمەتلەرنى كىم ئىشلەيدۇ؟ ئىشلار مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، خىزمىتىمدىن ئىستېپا سورايمەن. (غەزەپ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

ئۆمەرجان: (تېرىكىپ) مۇشۇنداقلاردىن تۆتىلا بولسا، يەۋاتقان نېنىمىزدىنمۇ قۇرۇق قالىمىز. خۇددا ئۇنىڭ ئاغزىدىغا «ئىستېپا» سۆزىنى سېلىپ ياخشى قىلدى. ئەمدى ئۇ ئىلتىماس يازسۇنچۇ قېنى، دەرھال تەستىقلاپ بېرىپ، ئورنىغا ئالىمجان دوختۇرنى ئۆستۈرىمىز.

سېلمەجان: ئوبدان دېدىڭىز، يۈەنجاڭ. بەختىيار ئەزەلدىن بويىنى قاتتىق، رەھبەرلىككە دولىسىنى چىقىرىپ يۈرىدىغان گەدەنكەش بىر نېمە. بۇنداق ئۇششۇقلارنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى خوپ.

ئۆمەرجان: شۇنى دېمەمسىز. ئۆزى ياش، ئوقۇغان، مەلۇماتلىق دەپ ئۆستۈرۈپ قويساق، نېمە ھال بۇ تۇنۇگۈنكى سويدەكلەرگە. سىلە - بىز تۇزۇك ئوقۇمىغان بولساقمۇ شۇ ئۆمرىمىزدە قىلغان ئىش- ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز چاچتىنمۇ تولا. خىزمەت دېگەننىڭچۇ كۆل - كۆلىگە كەلتۈرۈپ ئۆز جايىدىلا غاچ - غۇچلا ئىشلىۋېتىمىز. مول تەجرىبىلىك پېشقەدەم - دە، بىز، پېشقەدەم. قاراڭ سېلمەجان، شۇڭا دوختۇرلۇقتىن خەۋىرىم بولمىسىمۇ، پۈتۈنۈرۈك بىر دوختۇرخانىنى ئالقىنىمدا پىرقىرىتىۋاتىمەنمۇ.

سېلمەجان: سىز بولمايدىغان بولسىڭىز بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىشى نەتىلا ئاقسايدۇ دەڭا، يۈەنجاڭ.

ئۆمەرجان: كونىلار: «تەدبىرلىك قانداق بولسا، تەقدىرلىك شۇنداق بولىدۇ» دېيىشكەن. رەھبەر دېگەندە پەم بولۇش كېرەك، پەم. مەن بۇرنىمنىڭ ئۇچىدىلا كۆرىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس. مەن ھامان ئىش قىلغاندا ئۇزاقنى ئويلايمەن. بۈگۈنكى ئىشنى ئالساق، «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى»نى قانداق كۈتۈشنى مەن بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن. «يېگەن ئېغىز ئۇيىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ دۆرەم ياخشى باھالىنىپ قالساق، يۈزىمىز چوڭ، تىلىمىز ئۇزۇن، گېپىمىز ئۆتۈملۈك بولىدۇ. قۇرۇلۇش سالالىدۇق، سايمان- ئۈسكۈنە ئالالىدۇق ۋە ياكى باشقا ئىشلارنى قىلالىدۇق، ئىشقىلىپ، يۇقىرىغا تىنىپ قويساقلا، قاراپ تۇرۇڭ، بىزدەك يولى بار، قىلغاننى بىلىدىغان ئىلغار ئورۇننىڭ

تەلەپكە شۇ زاماتلا ھەل بولىدۇ. بەرگەن پۇلغا ھېچقايسىمىزنىڭ قورسىقى ئاغرىمايدۇ. بولدى، ھازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى، بۈگۈن تەييارلىنىدىغان سەي، تاماقلارنىڭ تۈرى قانچە بولدى؟

سېلىمەجان: خامسەي ئىككى خىل، قورۇما 12 خىل، جەمئىي 14 خىل.

ئۆمەرجان: تاماق تۈرلىرىدىنچۇ؟

سېلىمجان: پېتىرمانتا، گۆشنان، پەرمۇدە، سامسا، ھە راست، توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپىمۇ بار، تېخى.

ئۆمەرجان: (لەۋلىرىنى تامشىپ) ۋاي، ۋاي، ۋاي! كۆرمەي تۇرۇپلا ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلگىلى تۇردىغۇ.

سېلىمەجان: قورساقمۇ ئاچىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. جۈرۈڭ، يۈەنجاڭ، ئۇلار كەلگىچە بەزى تائاملارنىڭ تۇز - تەمىنى بولسىمۇ تېتىپ قويايلى.

ئۆمەرجان: بولسا شۇنداق قىلىلى. «يەپ تۇر، بەك تۇر» دېگەندەك، قورساقنى ئازپاز ئەستەرلىۋالمايمىزمۇ.

(ئاشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. دوختۇر-سېستىرا قىزلار كۈلۈشكەنچە كىرىدۇ. ھەممىسى قالتىس پەرداز قىلىغان بولۇپ تولىمۇ يارىشىملىق كېيىنگەن.)

سېستىرا A: يۈەنجاڭنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ھەممىمىز ھازىرلا سەھنىگە چىقىدىغان ئارتىسلاردەك بولۇپ كەتتۇققۇ.

سېستىرا B: بىزمۇ قايسى ئارتىستىن كەم. (شوخلۇق بىلەن تازىم قىلىپ دېسكوغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقىلارمۇ ئويناپدۇ. ئۆمەرجان بىلەن سېلىمجان ئاشخانىدىن چىقىپ ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ. قىزلار يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ يېقىملىق تەزىم بىلەن ئۇلارنى دېسكوغا تارتىدۇ. ھەممەيلەن ھەر خىل قىزىقچىلىقلار بىلەن تازا ئويناۋاتقاندا ئالىمجان بىلەن بەختىيار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلارنى كۆرگەن ئۆمەرجان دەرھال ئۇسسۇلدىن توختاپ چاۋاك چالىدۇ، قىزلارمۇ قوشۇلىدۇ.)

ئۆمەرجان: (تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ) قىزغىن قارشى ئالىمىز، قېنى، مېھمانلار، يۇقىرى ئۆتۈشسىلە، ئولتۇرۇشسىلا. سېلىمجان، قېنى سىز. مېھمانلار يولدا كەلگىچە ئۇسساپ، چارچاپمۇ قالغاندۇ، دەرھال ئۇسسۇزلۇقلارنى ئېلىپ كېلىڭلار.

(سېلىمجان قىزلارنى باشلاپ ئاشخانىدىن خامسەي، پىۋىلەرنى ئېلىپ چىقىپ شىرەلەرگە تىزىدۇ.)

ئۆمەرجان: «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېيىشكەن، قېنى، بەھۇزۇر ئالغاچ ئولتۇرۇشسىلا.

زەينۇللا: دەرۋازىلاردىن كىرىشىم بىلەنلا باغۇ - بوستانلىق داچىغا كىرىپ قالغاندەك كۆڭلۈم ۋاللىدە ئېچىلىپلا قالدى.

(گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ خۇشاللىق ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىدۇ.)

ئۆمەرجان: قارىغاندا، دېختۇرخانىمىزنى بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپسىز - دە؟

زەينۇللا: ئەلۋەتتە. ئالىمجان ئايىغى چاققان بالىكەن، ئوبدان ماسلاشتى.

ئۆمەرجان: قارىشىڭىزچە، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز؟... (زەينۇللانىڭ كۆزىگە قارايدۇ.)

زەينۇللا: «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەندەك، نەتىجەڭلار، مانا، مەن،

دەپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسا، يەنە نېمىدىن غەم قىلىمىز. (ھەممە خۇشال كۈلۈشىدۇ.)

(بىر قىسىم سەي، كاۋاپ، پەرمۇدىلەر كەلتۈرۈلىدۇ، ئالىي ھاراقلار قويۇلىدۇ.)

ئۆمەرجان: قېنى، ھەممىمىز تارتىنماي ئارىلىشىپ ئولتۇرايلى. ئالىمجان سىز بۇ شىرەگە، بەختىيار سىز بۇ شىرەگە كېلىڭ.

زەينۇللا: شۇنداق بولسۇن، ئارىلىشىپ ئولتۇرغاندا ئىچىلىپ - يېيىلىپ كەڭتاشا سۆھبەتلەشكىلى بولىدۇ. قىزلار سىلەرمۇ كېلىڭلار.

(قىزلار ئۆمەرجاننىڭ ئىشارىتى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئارىسىغا سىغدىلىدۇ. سىرتتىن سازچىلار چالغۇلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. سېلىمجان ئۇلارنى ئىشىك تۆۋەندىكى جوزىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئالدىغا سەي، ھاراق قويىدۇ.)

ئۆمەرجان: (قولىغا رومكا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ) ھەر قايسىلىرى ئادەتتە تۆگە سويۇپمۇ چىللاپ كەلگىلى بولمايدىغان ئەزىز مېھمانلار. بۈگۈن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ تۇرۇپتۇق. بۇ بىز ئۈچۈن بەخت. «دىدار غەنىيمەت» دېگەن گەپ بار. قېنى، ھەرقايسىلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىۋېتەيلى، خوشە.

(ھەممەيلەن «قېنى، خوشە» دەپ ئىچىدۇ)

زەينۇللا: (رومكىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ) بىزنى بەكمۇ قىزغىن قارشى ئالدىڭلار. بىزنى دەپ بەكمۇ جۇۋاپسىلەر. شۇڭا بۇ رومكىنى ئىشلىرىڭلارنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەيلى.

(تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن بىر ئايال رومكا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.)

ئايال: مەن ئەسلىدە ھاراق ئىچمەيتتىم، ئوچۇقىنى ئېيتسام ئاشقازىنىم ياخشى ئەمەس. لېكىن دوختۇرلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپمۇ ئاغرىقتىن ئەنسىرەش قىلسام ياخشى بولمىغىدەك. شۇڭا بۇنى سالامەت بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىچىۋېتەيلى.

(ھەممە خۇشال ئىچىدۇ. بىر ئاز قىزىپ قالغان سېلىمجان سازچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى ساز چېلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە كۈلكىلىك قىياپەتتە ئۇلارغا دىرىدۇرلۇق قىلىدۇ. ساز چېلىنىپ ناخشا ئېيتىلىدۇ.)

داۋانچىڭنىڭ يولى قاتتىق،
تاۋۇزى تاتلىق.
داۋانچىڭدا بىر يارىم بار،
قەمبەرخان ئاتلىق.

(قىزلار مېھمانلارنى تانسىغا تارتىدۇ. ھەممەيلەن تانسىغا چۈشىدۇ. سېلىمجان شامالدۇرغۇچلارنى قويۇۋېتىدۇ ۋە ئۆزى يالغۇز تانسا ئوينايدۇ.)

قەمبەر خانىم، قەمبەر خانىم
يەلپۈپ قويايمۇ.
يەلپۈگۈچنىڭ سايىسىدا
سۆيۈپ قويايمۇ.
قەمبەرخاننىڭ قوش پۆپۈكى
يەرگە تېگەمدۇ.
قەمبەرخاندىن سوراپ بېقىڭ،
ئەرگە تېگەمدۇ.
ئەرگە تەگسە ماڭا تەگسۇن،
تەڭگىسى بىلەن.
قەمبەرخاننى ئەپ قاچايلى،
يەڭگىسى بىلەن.

(ھەممە قىزغىن تانسا ئويناۋاتقاندا، رېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خادىملىرى كىرىپ كېلىدۇ-دە، ئۇلارنى دەرھال سىنئالغۇغا ئېلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ھودۇقۇپ تانسا ئويناشتىن توختايدۇ. بەزىلىرى شىرەگە

بېرىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. سۈرەتكە تارتقاندا، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈزىنى قولى بىلەن توسايدۇ. بىر شىرەدىكى قورۇمىلارنى سۈرەتكە تارتقىچە ئۆمەرجاننىڭ ئىشارىتى بىلەن سېلىمجان دەلدەڭشىپ كېلىپ ئىككىنچى شىرەدىكى قورۇما - هاراقلارنى شىرەنىڭ ئاستىغا يوشۇرىدۇ. سىنئالغۇچى ئۇنى كۆرۈۋېلىپ، دەرھال سۈرەتكە ئالىدۇ. سېلىمجان ئۇنى كۆرۈپ شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىۋالىدۇ، بۇ ھالەتمۇ سۈرەتكە ئېلىنىدۇ.)

رېۋزىيە خادىمى: (ھەممىگە تەكشى قاراپ) تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قايسىڭلار؟

زەينۇللا: (ئورنىدىن تۇرىدۇ. سىنئالغۇچى ئاپپاراتنى، دىكتور مىكرا فوننى ئۇنىڭغا توغرىلايدۇ) مانا، مەن.

رېۋزىيە خادىمى: (كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ) مەن رېۋزىيە ئىدارىسى «پاش قىلىش مەركىزى»نىڭ خادىمى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سىزگە مەلۇمغۇ دەيمەن؟

زەينۇللا: ئەلۋەتتە. بىراق...

رېۋزىيە خادىمى: قېنى سۆزلەۋېرىڭ.

زەينۇللا: سىلەر ئىسمى - جىسمىڭلارغا مۇناسىپ كەلگىدەك چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تۇتىشىڭلار كېرەك. بۇنىداق ئەرزىمەس ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟

رېۋزىيە خادىمى: مەركەزنىڭ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىشكە رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى بىلمىدىغانسىز؟

زەينۇللا: ئۇنىمۇ بىلىمىز، بىراق...

رېۋزىيە خادىمى: قېنى، گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

سېلىمجان: (گەپ قىستۇرۇپ) بۇ بىرۋاق تاماقنى بىز ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىككى يۈەندىن پۇل تۆلەيدۇ، شۇڭا بۇنى چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش دېگىلى بولماس.

- دىكتور: بىر جوزىغا قانچىلىك چىقىم قىلدىڭلار؟

سېلىمجان: 120 يۈەن ئەتراپىدا.

دىكتور: بىر جوزىدا 10 ئادەم تاماق يېگەن بولسا، ھەر بىر كىشىگە 12 يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن. ئېشىپ كەتكەن 10 يۈەننى قانداق قىلماقچىسىز؟

(سېلىمجان ئۆمەرجانغا قارايدۇ. ئۆمەرجان جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلايدۇ. رېۋزىيە خادىمى زەينۇللاغا تىكىلىدۇ.)

رېۋزىيە خادىمى: سىلەر مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچىنچى ئورۇننى تەكشۈردىڭلار؟

زەينۇللا: ئالتە ئورۇننى.

رېۋزىيە خادىمى: ھەممىسىدە مۇشۇنداق سورۇنغا داخىل بولدۇڭلارمۇ؟

زەينۇللا: ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق بولدى.

(بەختىيار ئاشخانىدىن چوڭ پەتنۇستا توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋاپ، بىر قانچە خىل قورۇمىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ).

بەختىيار: مانا، بۇنىمۇ كۆرۈپ قويۇڭلار..

(رېۋزىيە خادىمى بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خادىملىرى ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. قورۇمىلارنى سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ.)

بەختىيار: بۇ، تېخى ئەمدى تارتىلىدىغان قورۇمىلار. قورۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلىرىمۇ خېلى بار.

(رېۋزىيە خادىمى ئۆمەرجان بىلەن زەينۇللاغا قارايدۇ. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. دىكتور مىكرا فوننى ئېغىزىغا تۇتۇپ تاماشىبىنلارغا يۈزلىنىدۇ.)

دىكتور: ھۆرمەتلىك تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر، شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ زىياپەت زالىدىن سۆزلەۋاتىمىز.

كۆرۈۋاتقىنىڭلار، سەھنىدە ئىمارىتى «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ مەركىزىنىڭ قايتا - قايتا چىقارغان چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىشكە رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىپ، داۋاملىق چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى.

شەھەرلىك دوختۇرخانا مەزكۇر زىياپەتنى تەييارلاش ئۈچۈن تولۇق بىر كۈن ئىش توختاتقان. داۋالىنىشقا كەلگەنلەر قايتۇرۇۋېتىلگەن. قايتۇرۇۋېتىلگەنلەر ئىچىدە تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغان بىر ئايال باشقا دوختۇرخانىغا يېتىپ بارالماي، يولدا يەڭگىپ قالغان.

رېۋىزىيە ئىدارىسى «پاش قىلىش مەركىزى» نامىنىڭ بۇ ھەقتىكى پاش قىلىش تېلېفونىنى قوبۇل قىلىپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خادىملىرى بىلەن بۇ يەرگە دەرھال يېتىپ كەلگەن.

بىز نەق مەيداندىن ئېلىنغان بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كەڭ جامائەتچىلىككە كۆرسىتىش بىلەن بىللە، يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ بۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەكشۈرىدىغان يەنە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(دىكتور سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ زەينۇللا بىلەن ئۆمەرجان قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا بوشىشىپ يىقىلىدۇ. كىشىلەر دەرھال يۆلەيدۇ. بىر سېستىرا چاي ئېلىپ كېلىپ ئىچىرىدۇ، بىر سېستىرا يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈيدۇ.)

(پەردە چۈشىدۇ)

1989 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

---

(بېشى 32 - بەتتە)

گۈزەللىكى، ئەخلاق گۈزەللىكى تەڭلا مۇجەسسەم بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئىلۇپەر گۈلىدەك نازۇك، رەڭدار، ھېسسىياتچان، پاكىزلىقنى خالايدىغان، نۇرغا، يورۇقلۇققا ۋە رەڭگە ئىنتىلىدىغان بىر خىل گۈزەل خاراكتېر ئىكەن. ئۇلار باغراش قىزلىرى بولۇشقا، گۈزەللىك دۇنياسىنىڭ گۈللىرى بولۇشقا ھەقلىق ئىكەن.

باغراشقا بېرىپ قالغان ھەر قانداق كىشى باغراش كۆلى ۋە باغراش قىزلىرىدىن كۆڭلىنى ئۈزەلمەيدۇ. بۈيۈك ۋە گۈزەل كۆل بىلەن سۈيۈملۈك باغراش قىزلىرى ئاتا قىلغان كۆڭۈل مەپتۇنلىقى ئەبەدىي ئەستىن چىقمايدۇ... باغراش-نۇر دۇنياسى، رەڭ دۇنياسى، گۈللەر دۇنياسى، گۈزەللەر دۇنياسى، بىر ئۆمرۈمگە ھەمراھ ئەمدى باغراش قىزلىرىنىڭ لاتاپىتى، كەرەشمىسى، گۈزەل سىماسى، مېنى ھەر كۈن ئاۋۇندۇرىدۇ: «سۆيگەن» دېسەم «جېنىم» دېگەن ئاتەش نىداسى...

## خاتىمە

تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز، باغراش بىزنىڭ بۆشۈكىمىز. ئانىغا، ئۆزىنى ئۆستۈرگەن بۆشۈككە قانچە يېقىن تۇرغان ئادەم روھ ۋە جىسمانىيەتتىن ئەڭ پاكىز، ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ گۈزەل ئادەم.

قېنى، كەلگىن دوستۇم، ئانا تەبىئەتنىڭ ساغلاملىقىنى، باغراش كۆلىمىزنىڭ بېجىرىملىكى ۋە پاكىزلىقىنى قوغدايلى، ئۇنىڭغا تېۋىنايلى، ئۇنى گۈللەيلى، ئۇ بىزگە قان، رەڭ ۋە روھ بېرىدۇ...!

1991 - يىل 5 - يانۋار، ئۈرۈمچى





(نەسىرلەر)

ئەخمەت ئىمىن

## ئېخ، شەرق شامىلى

بارماقلىرىڭ بىلەن سۆترەك ياغلىقىنى ئېچىۋەتتىڭ، تىنىقلىرىڭ بىلەن سۈمبۈل چاچنى توزغۇتتىڭ.

مەڭزىڭنى يۇمشاق سۆركەشلىرىڭدىن ئېكىنزار مەيدىسىنى ئېچىپ جىددىي نەپەس ئالدى.

قۇدرىتىڭدىن ھاياتلىق كەۋسىرى زېمىنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا شىرىلداپ ئاقتى.

يەڭگىل بۆشۈكىڭدە يۇمران گىياھ بوۋاقتەك تەۋرەندى.

بۆشۈك تويۇڭدا قۇشلار نەغمە - ناۋاغا چۈشتى.

ئېخ، شەرق شامىلى!

مەن سېنى پەرزەنتىڭ باھار بىلەن تەبرىكلەيمەن.

## ئېمىشقا باھارغا تەلمۈرىسەن؟

— بۇرۇن يىلدا كېلىدىغان ھېيتقىلا ئىنتىزار ئېدىم، ئەمدى باھارغىلا تەلمۈرىدىغان بولدۇم، ئېمىشقا شۇنداقلىقىنى بىلەمسەن؟

— بەلكىم زىمىستاندا سوغۇق ئازابىنى تارتقانلىقىڭدىن شۇنداقتۇ!؟

— ياق! مەن ئەلنىڭ قوينىدا يۈرۈپ سوغۇقنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمىگەن ئادەم.

— ئەمىسە، باھارنىڭ گۈل - چېچەكلىرىنى سېغىنىدىغاندۇرسەن!؟

— ياق، ئۆيۈم قىشتىمۇ گۈل - چېچەك بىلەن قاپلانغان.

— ئەمىسە، نېمىشقا باھارغا تەلمۈرىسەن؟

— چۈنكى باھار مېنىڭ باھار چېغىمنى ئەسلىتىدۇ.

## بۇلبۇلنىڭ مەدھىيىسى

نوكچە مۈزلار ئېرىپ سۇلار يەر يۈزىگە يىلىنىدىن سۈت ئاققاندەك شىرىلداپ قۇيۇلدى.

ئەگىز يىلاندەك تولغىنىپ ئاقتى.

قارلىغاچلار تۇپراق ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىققان قۇرت - قۇمۇرسقىلارغا تاشلاندى.

بالىلارنىڭ لەگلەكلىرى سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان تۇرنىلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىققاندەك ئاسماندا جەۋلان قىلدى.

زېمىن كېپەنرەڭ كىيىمىنى تاشلاپ يېشىل لىباسقا ئوراندى.

گۈل - چېچەكلەر نازىنىندەك كۈلۈپ كۆزىنى ئاچتى.

بۇلبۇل خەندان ئۇرۇپ سايرىدى.

مەن: «بۇلبۇل گۈلنى كۈيلەۋاتىدۇ» دېدىم.

بۇلبۇل دېدى: «ياق، مەن ئويغانغان زېمىنغا مەدھىيە ئوقۇۋاتىمەن».

«بەرھەق، — دېدى زېمىن، — مەدھىيە ھامان ئويغانغانلارغا مەنسۇپ».

## ئېيخ، خەلقىم

ئېيخ، خەلقىم!

ئايازنىڭ سوغۇق دەھشىتى بىلەن تومۇزنىڭ تونۇر ئىسسىقى ئوتتۇرىسىدا لىللا تۇرىدىغان، قارىغىنۇ كېچە بىلەن يورۇق كۈندۈز ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك چېگرىسى سىزىپ بېرىدىغان ئەجەبمۇ خاسىيەتلىك كۈننى ئۆزۈڭگە يىل بېشى قىپتىكەنسەن.

ئېيخ، خەلقىم، نورۇزۇڭ - باراۋەرلىك بايرىمىڭ بىلەن سېنى تەبرىكلەيمەن!

## باھار تىنىقى

بىر تىنىق يۈزۈمنى سۆيۈپ ئۆتتى، تېنىم جۇغىمدە بولدى.

ئۇ تىنىق لەۋلىرىمنى ئەركىلەتتى، جۇغۇلداش يۈرىكىمگە يەتتى.

لەۋلىرىمنى سوزدۇم، سۆيدۇم.

ئاغزىمنى ئاچتىم، سۈمۈردۇم.

تىنىق تىنىق بىلەن ئۇچراشتى، كۆزلىرىم مەستخۇشلۇق بىلەن يۇمۇلدى.

ئاھ، نېمىدېگەن تىنىق!

ئۇ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدۇ، مۇزدىن ئاپىرىدە بولغاندەك يارىلىپ كەتكەن مېھرىسىزنىڭ سوغۇق نەپەسىگىمۇ، كېسەللىك بوھرانى يەتكەن قىزىتما بىمارنىڭ ئاتەشلىك تىنىقىغىمۇ قىلچە ئوخشىمايدۇ.

ئۇ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدۇ، ئاچچىق ھاراق، قاڭسىق تاماكا پۇراپ تۇرىدىغان يىگىتلەرنىڭ ياكى پۇراقلىق يۇزماي، ئەتىر، ئوپا ھىدى كەتمەيدىغان نازىنىنلارنىڭ تىنىقلىرىغىمۇ ئەسلا ئوخشىمايدۇ.

ئۇ ئاجايىپ تىنىق!

ئۇ ئانا سۈتىمنىڭ ھىدىنى ئەسلىتىدىغان دەرىجىدە ساپ.

ئۇ بوۋاق ھىدىنى ئەسلىتىدىغان دەرىجىدە تاتلىق.

ئۇ شىۋاق ھىدىنى ئەسلىتىدىغان دەرىجىدە ساددا.

مەن ئۇ تىنىقنى ئۆزۈمنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە سۈمۈردۈم، تىنىق ئىچىمگە پاتمىدى، تىنالماي قالدىم، يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولەي؛ «ئۇھ» دېدىم، ئۇنى شۇنداق ئاستا، شۇنداق لەرزان چىقىرىۋەتتىم، يەنە قىيمىدىم، يەنە سۈمۈردۈم، يەنە چىقىرىۋەتتىم، يەنە سۈمۈردۈم، ئەتراپنى پەقەت «ئۇھ» دېگەن ئاۋازلار قاپلىدى.

بۇ مېنىڭ تىنىقىمنىڭ ساداسى ئىدى،

بۇ ھاياتلىق تىنىقىمنىڭ ساداسى ئىدى؛

بۇ ھاياتلىق زۆرۈرىيىتىدىن داۋاملىشىۋاتقان تىنىق پەقەتلا ساپ، ساددا، پاكىلىققا قىيالمايۋاتقانلىقتىن چىقىۋاتقان تىنىق ئىدى.

راست، مەن ئۇ تىنىقنى ھىدلىماي تۇرالمايمەن.

چۈنكى ئۇ تەبىئەتنىڭ تىنىقى، تەبىئەتنىڭ گۈزەل پەرزەنتى باھارنىڭ تىنىقى.

راست، مەن ئۇنىڭغا قىيالمايمەن.

چۈنكى بۇنىڭ كەينىدىنلا كېلىدىغىنى تومۇزنىڭ ئوتلۇق تىنىقى، ئايازنىڭ مۇزدەك تىنىقى.

لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغىنى يەنە شۇ باھار تىنىقى، تەبىئەتنىڭ پاك - غۇبارسىز تىنىقى. ئۇ مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان تىنىق. ھەم قايتىلىنىپ، ھەم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تىنىق.

ئەپسۇس، مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەمنەپەس بولالمايمەن. ئۇ بەلكىم بىر كۈنلەردە مېنىڭ قەبرەمنى ھىدلاپ ئۆتىدۇ.

ئەتتەڭ، مەنمۇ قايتىلىنىپ، يېڭىلىنىپ تۇرسام كاشكى.

بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن قايتىلانمايمەن،

ئۆمرۈم يېڭىلانمايدۇ. پەقەت قايتىلىنىدىغىنى ئارمان، يېڭىلىنىدىغىنى باھار.

ئاھ، باھارا ئاھ، سېنىڭ خاسىيەتلىك تىنىقلىرىڭ!

مەن ساڭا ھەۋەس قىلىمەن، ساڭا مەڭگۈ تەلپۈنىمەن.

## رىشتە

ئېسىمدە، ئاشۇ چاغلار ئېسىمدە.

ئۆيىمىزنىڭ ئىچى تونۇردەك ئىسسىق، چويۈن مەش ئانار مەغزىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئىككىلىمىز مەشتىكىدىنمۇ كۈچلۈك ھارارەت بىلەن ياناتتۇق. سەن ياپيېشىل فىكوس گۈللىرىنىڭ ئارىسىدا قىزىل چوغلۇقتەك كۆزگە تاشلىناتتىڭ. مەن يېشىل زارلىق قوينىدىكى قەددى - قامىتىڭدىن باھار سۈرىتىنى كۆرەتتىم، سەن دېرىزىدىن سىرتتىكى ئىس - تۈتەك سۆيمىگەن ئاپئاق قارلارغا قاراپ پاكلىق پەيزىنى سۈرەتتىڭ. بۇ بىزنىڭ چارەك ئەسىر بۇرۇنقى سۈرىتىمىز ئىدى.

مانا، شۇ تاپتا تالا شۇنداق ئىللىق. قۇياش يەر - جاھاننى مېھرى بىلەن قىزىتىۋاتىدۇ. سەن پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلىغان يېشىل گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرىسەن، كۆزلىرىڭ ۋاقىتسىز سارغىيىپ ئۈچۈپ چۈشكەن بىر تال ياپراقتا. سەن ئۇنىڭدىن غازان بولغان گۈل پەسلىگىنى ئويلايسەن؛ مەن ئۇنىڭدىن ئالتۇن كۈلنىڭ سۈرىتىنى كۆرىمەن. سەن ئاچچىق خۇرسىنىپ، ئەلەملىك كۈلىسەن. مەن شۇ كۈلكەڭدىن روھىيىتىڭنىڭ زەپەر ناخشىسىنى پۈتىمەن.

## يارىمغا

ئېخ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق، باھارىم!
باھاردەك كۈلۈپلا ئۆتۈۋاتىسەن، نېمىشقا باشقا پەسىللەرنى دورىمايسەن؟

تومۇزنى تەقلىد قىل، ئىسسىق - سوغۇق كۆرمىگەن جىسمىڭ چېنىقتەك قاتسۇن.

كۈزنى دورا، بارانىغا يەتمىگەن يۈرىكىڭ ئالمىدەك پىشسۇن.

قەھرىتان تۈسىنى ئال، كۆز چىرىكىنلىكلىرى سېنىمۇ قوشۇپ بۇلغىمىسۇن.

## قارىغايغا جاۋاب

مەن جاھاننى يېشىللىققا چۈمكىمىدى دەپ باھارنى ماختىۋېدىم، قارىغاي ماڭا

كايىنپ سوئال قويدى:

— مەن باھارسىزمۇ يېشىلچىلىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىمەن. سەن مېنى ماختىماي نېمىشقا ئۇنى ماختايسەن؟

— چۈنكى، — دېدىم مەن، — ئۇ زېمىننى ئويغىتىدۇ، سەن قىش بويى ئۇخلايدىغان زېمىن ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلىسەن.

## گاداي باي

بىر كىشى بىر بۇردا نان تاپقان ئىدى، ئۇنى ئاچ قالغانغا بەردى.

ئۇ يەنە بىر يۇتۇم سۇغا ئېرىشكەن ئىدى، ئۇنى چاڭقىغانغا بەردى.

يەنە ئۇ بىر پارچە رەخت تاپقان ئىدى، ئۇنى يالىڭاچقا بەردى.

ئەپسۇسكى، ئۇ ئۆزىمۇ ئاچ، چاڭقىغان ھەم كىيىمسىز ئىدى.

شۇچاغدا جىسمى ئۇنىڭغا قىيداپ: «مۇھتاجنىڭ مۇھتاجغا قىلغان ساخاۋىتى سارالىق مەغرۇرلۇق» دېدى.

روھى ئۇنى قۇۋۋەتلەپ: «يوقسۇلنىڭ يوقسۇلغا قىلغان خەير - ئېھسانى مەنىۋى پىداكارلىق» دېدى.

ئۇنىڭ جىسمى روھىنى قىيناشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قورسىقى توق بىلەن كىيىمى پۈتۈنلەرنىڭ كۈلكە - مازىقىلا ياڭرايتتى.

«ئاھ، — دەۋەتتىم مەن، — دۇنيادا ئۆزىنى دېمەيدىغان ئاشۇ قەلەندەرلا قالغانمىدۇ؟ ئېخ، ئۆزى گاداي، روھى باي ئادەم، مەن ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن!»

## خار ۋە ئەزىز

سەن ئۆزۈڭگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنىمۇ تالىشىسەن، شۇڭا سەن غالىب.

ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك نەرسىنىمۇ ئۆتۈنىدۇ، شۇڭا ئۇ مەغلۇب.

لېكىن سەن غالىبلىقىڭ بىلەن خار، ئۇ مەغلۇبلۇقى بىلەن ئەزىز.

## بۆركۈتنىڭ كۈلكىسى

دالىدا كىيىكنىڭ چىرىپ كەتكەن بىر تاپى ياتاتتى. قاغا - قوزغۇنلار ئولىشىپ كېلىپ تاپىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزىچە مەززە قىلىپ، ھەتتا تاماقلىرىنىمۇ چاكىلدىتىپ كەتتى.

كۆكتە ئەگىپ يۈرگەن بۆركۈت ئۇلارنىڭ ھالىغا كۈلدى:

— ھەيرانمەن. ئۆزى يىقىتمىغان كىيىكنىڭ قانچىلىك لەززىتى باركىن؟!

## ئوغلۇمنىڭ قاراشلىرى

ئوغلۇم!

سەن دېرىزىدىن قىش مەنزىرىسىگە قىزىقىپ قارايسەن.

مەن سېنىڭ باش باھاردىكى يۇمران جىسمىڭغا سۆيۈنۈپ قارايمەن.

سەن ماڭا بۇرۇلۇپ قارىغىنىڭدا جىسمىڭنى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىتىمەن، روھىڭ تالادىكى قارىغاينىڭ ئۆزى.

كۆزلىرىڭدىن بىلدىم:

نەزەرىڭدە مەن ئۆي ئىچىدىكى تەشتەككە چىقىۋالغان قارىغاي، سەن تالادىكى دېرىزىدىن ماڭا بېقىۋاتقان گۈل.

## ئاجايىپ سورۇن

دوستۇم، مەن ئاجايىپ بىر نەغمە سورۇنىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەردە راۋابنىڭ ئادەم سەگىتىدىغان جاراڭلىق ساداسىمۇ، تەمبۇرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مەرغۇللاشلىرىمۇ، غېجەكنىڭ ئادەمنى ئېزىدىغان غىڭىلداشلىرىمۇ بار. راست، بۇ ئاجايىپ سورۇن، بۇ يەردە مىزگاننىڭ ئالىمقانداق گۈدۈكلەرنى ئەسلىتىدىغان ياڭراشلىرىمۇ، شاقىلداقنىڭ تېشىلمىگەن قاپاققا ئوخشايدىغان شىرىقلاشلىرىمۇ، ئېلېكترونلۇق چالغۇنىڭ ھەممىنى دورايدىغان ئاۋازلىرىمۇ بار.

دوستۇم، مەن ئاجايىپ بىر ئۇسسۇل سورۇنىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەردە كاجتەقدىر بىلەن ئېلىشىۋاتقان قارا تەنلىكلەرنىڭمۇ،

كۆز بېغىندا يايرىشىۋاتقان ئاق تەنلىكلەرنىڭمۇ، ھايات بىلەن چېلىشىۋاتقان سېرىق تەنلىكلەرنىڭمۇ، تەبىئەت بىلەن قۇچاقلىشىۋاتقان ھىندىئانلارنىڭمۇ ئۆمۈر كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بار. راست، بۇ ئاجايىپ سورۇن. بۇ يەردە يەتتە ئىقلىمدىكى ھەر قانداق خەلق تەرجىمانسىزمۇ، ئىزاھاتسىزمۇ دەرھال چۈشىنەلەيدىغان ئۇسسۇل تىلى بار.

دوستۇم، مەن ئاجايىپ بەزمە سورۇنىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەردە يېشىل چىراغ ئۆچسە قىزىل چىراغنىڭ، قىزىل چىراغ ئۆچسە سېرىق چىراغنىڭ، يەنە بىر خىل چىراغ ئۆچسە، يەنە بىر خىل چىراغنىڭ نۆۋەت بىلەن يېنىشلىرى بار. راست، بۇ ئاجايىپ سورۇن، بۇ يەردە دۇنيادىكى ھەممە رەڭلەرنىڭ ھەسەن-ھۈسەندىنمۇ بەك جىلۋە قىلىشى بار.

دوستۇم، مەن ئاجايىپ ئىشرەت سورۇنىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەردە بۇ يەرنىڭ كۆپىدە تۇتىدىغان ئاچچىق ھاراقلىرىمۇ، رۇسنىڭ سەزدۇرمەي يىقىتىدىغان شارابلىرىمۇ، ئامېرىكىنىڭ مېڭىگە چىقىدىغان مەيلىرىمۇ بار. راست، بۇ ئاجايىپ سورۇن، مەيلى ئاچچىق، مەيلى تاتلىق بولسۇن، ھەممىلا ئىچىملىكنىڭ ئادەمنى قىزىقتۇرۇپ، قىزدۇرۇپ، ئايلاندۇرۇپ، ئازدۇرۇپ، ئاخىر ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بىرلا كۈچى بار.

دوستۇم، بۇ ئاجايىپ سورۇن، كۈي ۋە ناخشا سورۇنى، مۇڭ ۋە شادلىق، غەم ۋە غەزەپ سورۇنى.

بۇ ئاجايىپ سورۇن، ئۇسسۇل-ھەرىكەت سورۇنى، ئېلىشىش-چېلىشىش سورۇنى.

بۇ ئاجايىپ سورۇن، جىمىكى رەڭنىڭ جىلۋە سورۇنى، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ، خۇنۇكلۇك بىلەن يارقىنلىقنىڭ نۆۋەتلىشىش سورۇنى.

ئۇ ئاجايىپ سورۇن، سەگەكلەر سورۇنى، مەستلەر سورۇنى؛ ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ، قىزغىنلىق بىلەن تەنتەكلىكنىڭ ئارىلاشما سورۇنى.

دوستۇم، مەن ئاجايىپ سورۇندا ئولتۇرۇۋاتىمەن ھەم ئوينىۋاتىمەن، ھەم ئويلاۋاتىمەن.

راست، بۇ ئىجتىمائىيەت سورۇنى، ھاياتلىق سورۇنى.

مەن بۇ سورۇننىڭ ئىشتىراكچىسى ھەم تاماشىبىنى.

مەن بۇ سورۇننىڭ ئارتىسى ھەم باھالىغۇچىسى.

دوستۇم، سەنچۇ؟

## بەزمىدىكى خىيال

ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭ ئېلىپ، چوغ-داتەشتەك قىزىپ كەتكەن سورۇن. كۆزلەر ھاياجاندىن پارقىراپ، ماڭلايلار تەردە يالتىراپ، باشلار بويۇن ئىرادىسىگە بويسۇنماي، جىمى ئەزا گىلىدىگىشىپ، پىرقىراپ كەتكەن سورۇن. ھەممە ئادەم ھاياجاندا، چالغۇچىلارمۇ، ئۇسسۇلچىلارمۇ، تاماشىچىلارمۇ ھەممىسى ھاياجاندا. چاچلار بوراندا قالغاندەك توزغۇپ چېچىلماقتا، ئېتەكلەر پەلەك چاقىدەك پىرقىرىماقتا، قوللار خۇددى چىقىپ كەتكەن جايىغا قايتا سېلىنىۋاتقاندەك زەرب بىلەن سىلكىنمەكتە، پۇتلار خۇددى يەر شارىنى ئوقىدىن ئاجرىتىۋېتىدىغاندەك دەھشەت بىلەن تېپىلمەكتە. پۈتۈن تەن، ھەممە مۇسكۇل، جىمى ھۈجەيرە خۇددى زىلزىلىگە چۈشكەن زېمىندەك تەۋرەنمەكتە.

ئاھ، دوستۇم، شۇ تاپتا مېنىمۇ تەۋرەنمىدى دەمسەن؟

لېكىن مېنىڭ تەۋرىنىشىم زېمىننىڭ تەۋرىنىشىگە ئوخشىمايدۇ، بۆشۈكتىكى تەۋرىنىشكىمۇ ئوخشىمايدۇ.

بۇ روھىي جەھەتتىكى تەۋرىنىش، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەۋرىنىش.

ئەنە، ئۇلار ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئادەمزاتنىڭ تەييار تەبىئەت نېمىتىنى يەپ ئۆزىنى ھايۋانىي سۈپەتتىن قۇتۇلدۇرالمىغان ئىپتىدائىي ئەجدادىنىڭ ئاھۇ نادامىتىنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن، يەنە ئەمگەكتىن ئالىي مەرتىۋىگە

ئېرىشىپ ھايۋانات دۇنياسىغا خوجا بولغان ئادەمزاتنىڭ غورۇر-ئىپتىخارىنىمۇ، توسۇن تەبىئەت تولپارىنى ئۆز ئەركىگە يورغىلىتىمەن دەپ كۆرەڭلىگەن ئادەمنىڭ مەغرۇرانلىقىنىمۇ، پاراسەت دولدۇلىدا كائىنات قوينىغا شۇڭغۇپ كىرىپ چەكسىزلىك ئالىمىدە تېڭىرقاپ قالغان ئىنساننىڭ ھەيرانلىقىنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن.

مەن ئۇلاردىن چۈشكۈنلۈكنىمۇ، جۇشقۇنلۇقنىمۇ، بىزارلىقنىمۇ، ئۈمىدۋارلىقنىمۇ تەڭلا كۆرۈۋاتىمەن.

كاللامدىكى خىياللار خۇددى سېرىق، يېشىل چىراغلارنىڭ نۆۋەت بىلەن يانغىنىدەك ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

تۇرۇپلا جىمدىدى رېتىمدىن بىزار بولۇپ، بىر خىل لەرزان رېتىمنى سېغىنىمەن، راۋاب، دۇتار، تەمبۇرنىڭ خۇشخۇي رېتىمى بىلەن ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلنى سېغىنىمەن.

تۇرۇپ ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن: چىملىق بۇلاق بېشىدىكى ئېزگۈ ئاھاڭلار قېنى؟ ئورما ئورىدىغان يىگىتلەرنىڭ، باغ باغلىغان قىزلارنىڭ مېھىردىلىك كۈيلىرى قېنى؟ مۇزداۋانلاردىن ئېشىپ بولغىچە ئۆمۈرنىڭ داۋىنىدىن يىقىلىپ چۈشكەن ھارۋىكەشلەرنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى قېنى؟ يېشىل يايلاقتا مۇڭ زارىنىمۇ، شادلىقىنىمۇ تۆكۈدىغان پادىچى يىگىت بىلەن چوپان قىزنىڭ نەي سادالىرى قېنى؟

بەزىدە پىغانلىق يۈرىكىم ئېچىنغان ھالدا جاۋاب بېرىدۇ:

— تۈگىدى!

بەزىدە يالقۇنلۇق يۈرىكىم سەزگۈرلۈك بىلەن خىتاب قىلىدۇ:

— ياق، تۈگىمىدى! ئۇ ياشايدۇ، تېخى ياشنايدۇ!

مەن بۇ ئىككى جاۋاب خۇسۇسىدا يەنە چوڭقۇر ئويغا چۆمىمەن.

ئاھ، دوستۇم، سەن مېنى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ دەمسەن؟ مەن سېنىڭ:

ناخشامنىڭ ساداسىنى
جان دوستۇم، ئاڭلار سەنمۇ؟
كۆڭلۈمنىڭ ئارمانىنى
زادى سەن چۈشىنەرسەنمۇ؟

دېگەن ناخشاڭنى ئاڭلىدىم.

ناخشاڭ ھەر بىر مىسرانىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خۇددى قۇرۇق پوتاقنى چورت-چورت كەسكەن پالتىنىڭ ئاۋازىدەك ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتىدۇ.

قۇرۇق پوتاقنى كېسىۋېتىشقۇ ياخشى، ئۇنىڭسىز دەل-دەرەخ ئايىنمايدۇ، لېكىن خۇدا ساقلىسۇن، پالتىنىڭ يىلتىزغا تېگىپ كېتىپ قېلىشىدىن!

ھوي، مەن نېمىدەپ سالدىم، مۇشۇ ئوخشىتىشىم بىلەن خەققە قۇرۇق تۆھمەت قىلىپ سېلىشىمدىنمۇ خۇدا ساقلىسۇن!

ئېخ، دوستۇم، مەن ناخشاڭنى ئاڭلاۋاتىمەن، ئارمىنىڭنىمۇ ئويلاۋاتىمەن، لېكىن مەن ئۇنى تېگى-تەكتىگە يەتكۈزۈپ چۈشىنىشتىن تېخى يىراق.

سەن ئارمانلىرىڭنى مۇزىكا سېزىمى بىلەنلا ئىزھار قىلدىڭ. يۈرىكىڭدىكىنى ئۇسسۇل تىلى بىلەنلا نامايان قىلدىڭ. راست، كۈي ئاھاڭ بىلەنلا، ئۇسسۇل ھەرىكەت بىلەنلا ئىنسان ھاياتىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ پۈتتۈرەلەيدۇ. مەن پەقەت سېزىمگە، تەسەۋۋۇرغىلا تايىنىمەن.

مەن ئويلىنىۋاتىمەن، تەۋرىنىۋاتىمەن، خىياللىرىم يەنىلا يېنىپ-ئۆچۈپ تۇرغان چىراغلاردەك ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

توۋا، ئاشۇ رەڭگارەڭ چىراغلار سورۇنغا ھۆسن ۋە كەيپىيات قوشۇش ئۈچۈن چىمىلداۋاتقانمىدۇ ياكى ماڭا ئوخشاش، يەنە بىراۋلارغا ئوخشاش ھەيرانلىق بىلەن چىمىلداۋاتقانمىدۇ؟

دۇنيا ئىنسانىنىڭ تەبىئەت مەرھەمىتىگە تەلمۈرۈپلا ئۆتىدىغان مەزگىلىنى يىراق مەنزىللەردە قالدۇردى. دەسلەپكى پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يېڭىنىڭ ماشىنىلاردا غۇيۇلداپ ماڭىدىغان مەۋسۇم بىلەن كىگانت مېخانىزملارنىڭ ئالەمنى ئىس- تۈتەككە توشقۇزۇۋەتكەن تەلۋە مەزگىلى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. ئىپتىدائىي ھايات بىلەن ئېقىن سۈدەك بىر خىل خاتىرجەم ئۆمۈرنىڭ پۈتۈن كارتىنىلىرى مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل تىلىدا ئۆز ئەكسىنى تاپتى. ئەمدىكى سەنئەت تىلى نېمىنى ئىزھارلايدىغاندۇ؟

تەبىئەت تۈلپارى تۇسۇنلۇقىنى دەھشەتلىك نامايان قىلىۋاتقاندا ئىنسان قولىدىكى قۇرۇق تىزگىن بىلەن قالارمۇ دېگەن ئەندىشىنىمۇ؟

تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ نېمىلا قىلسا بولىدىغان ئارامگاھى ھېسابلىغان ئىنسان ئەمدىلىكتە تەبىئىي مۇۋازىنەت ئەڭگۈشتىرىنى بايقاپ، تەبىئەتنى سىرلىق، دەخلىسىز قىبلىگاھ كۆرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالارمۇ؛ دېگەن تەشۋىشىنىمۇ؟

ئەمگەك ۋە پاراسەتنىڭ مەھسۇلى بولغان ئىنسان ئەمدى شۇ ئەمگەك، شۇ پاراسەت تۈپەيلى ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتەرمۇ دېگەن ۋەھىمىنىمۇ؟

مەن ئويلىنىمەن، پەقەت ئويلىنىمەن، لېكىن كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

بۇرنۇمغا بىر نېمە پۇرايدۇ، لېكىن بۇ خۇشبۇي پۇراق ئەمەس، ئۇنىڭغا تاماكىنىڭمۇ، ھاراقنىڭمۇ، تەرنىڭمۇ، پورۇخنىڭمۇ، بېنزىننىڭمۇ، يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنىڭمۇ پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن.

ئاھ، دوستۇم، ناخشاڭ خۇددى «ھۆ» قىلىپ ياندۇرغاندەك ئاجايىپ بىر غەلىتە ئاۋاز بىلەن تۈگىدى. بۇ، بۇ يەردىكى پۇراقتىن ھۆ قىلغىنىڭمىدۇ ياكى ھاياتتىكى بىمەنىلىكلەردىنمۇ؟

بۇنىمۇ بىلمەيمەن، بىلىدىغىنىم پەقەت ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ تىنىقى.

راست، ئۇلارنىڭ تىنىقى ناھايىتى ئىتتىك، رېتىممۇ ئىتتىك، خۇددى ئېلىشىۋاتقاندەك، يۈگۈرۈۋاتقاندەك، سەكرەۋاتقاندەك، ھاسىراۋاتقاندەك...

ئەجەبا، بۇ مۇشۇلارنىڭلا تىنىقىمىدۇ؟

نېمىشقا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا جاقىلداپ مېڭىۋاتقان، چىرقىراپ كۈدۈك بېرىۋاتقان، پۇشۇلداپ توختاۋاتقان پاراۋۇزلا كېلىۋالىدۇ؟

نېمىشقا مېنىڭ كۆز ئالدىدىغا زېمىنغا ئىس پۈركىرىتىپ كۆتۈرۈلۈپ ساناقسىز ھالاكەت ئۇرۇقىنى چېچىپ ئۆزىمۇ بىراقلا ھالاك بولغان باشقۇرۇلغۇچى بومبىلارلا كېلىۋالىدۇ؟

مەن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن، پەقەت تىزگىنسىز خىيالىلىرىمنىڭ توختىماي دەۋر قىلىۋاتقانلىقىنىلا بىلىمەن.

مەن تەۋرىنىمەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم ئارىسىدا تەۋرىنىمەن. ئۆتمۈشكە ھۆرمەت قىلىمەن، خۇددى بوۋام- موماملارغا چوقۇنغاندەك ھۆرمەت قىلىمەن؛ بۈگۈنگە ئىززەت قىلىمەن، خۇددى بۇدۇرۇق بالامنى ئەزىزلىگەندەك ئىززەت قىلىمەن؛ كەلگۈسىگە تەلمۈرىمەن، خۇددى ئىنسانىيەت چەكسىز ئالەمگە تەلپۈنگەندەك تەلمۈرىمەن.

مېنىڭ بىلىدىغىنىم مۇشۇ، لېكىن بۇ بىلىشىم يەنىلا ئۆزۈمنى مۇكەممەل بىلمىگەنگە ئوخشاش.

بىلمەيدىغانلىرىمنىمۇ، مېنىمۇ بىلىدىغان ئاقىل نەدىكىن؟

1991- يىل 25- يانۋار، ئۈرۈمچى




(ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا سالىھ شاھ دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ مەلىكە رۇشەنا، مەلىكە مەرھابا، مەلىكە گۈلدىيار، مەلىكە گۈلرۇخسار ئىسىملىك تۆت قىزى بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ خانىشى تۆتىنچى قىز — مەلىكە گۈلرۇخسارنى تەۋەللۇت قىلغاندىن كېيىن قازا قىلىپ كېتىپتۇ. سالىھ شاھ قىزلارغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ، ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىد-غاندەك ئاسراپ، پەپىلەپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. قىزلار كۈن دېسە كۆزى بار، ئاي دېسە ئاغزى بار، 18مىڭ ئاللەمدە تەڭدىشى يوق ساھىبجامالىلار بولۇپ ئۆسۈپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدىكى تەرىپ-لەر سودىگەرلەر، كارۋانلار ئارقىلىق





شەھەر-شەھەرلەرگە تارقاپ، شاھزادىلەرنىڭ، بايۋەچچىلەرنىڭ باغرىغا غايىبانە ئىشىق ئوتىنى يېقىپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىرلەردىن بىرى سالىھ شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ سالام-سەھەت بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن جانابىي ئالىيلىرىغا بىر تەكلىپ بېرىش نىيىتىدە كىرگەن ئىدىم، سۆزلەشكە ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

— سۆزلەڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— شاھىم، كەمىنە قۇللىرى ھەزرەتلىرىنىڭ مەرھۇمە خانىشىمىزدىن جۇدا بولغانلىرىدىن بۇيانقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە يالغۇز ئۆتۈپ كېلىۋاتقانلىقلىرىغا تولىمۇ ئېچىنىپ كەلدىم. ۋەزىرنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا پادىشاھ قولى بىلەن «توختاڭ» دېگەننى ئىشارەت قىپتۇ. ۋەزىر جىم بوپتۇ. پادىشاھ:

— قەدىرلىك ۋەزىرىم، سۆزىڭىزنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، مېنى ئۆيلەن دېمەكچى ئوخشايسىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئۆيلەنمەيمەن. ئۆيلەنسەم قىزلىرىم ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا خارلىنىپ قالىدۇ، مەن قىزلىرىمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىشىنى خالىمايمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، — مەنمۇ ئالىيلىرىغا بۇرۇن بۇنداق تەكلىپنى بەرمىگەن ئىدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا خانقىزلار كىچىك ئىدى. ھالا ئۇلارنىڭ تۇنجىسى ئۇچۇرما بولۇش ۋاقتىغا يەتتى، قالغانلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن قانات راسلايدۇ. ھازىر مەلىكىلەرگە «ئانا» لازىم بولىدىغان پەيت. بۇنداق دېيىشىمىدىكى سەۋەب شۇلكى، قىزنى ئانىسى ئۆز لايىقىدا جابدۇپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جانابىلىرىمۇ ياشىنىپ قالدىلا. كىراملىرىغىمۇ بىر ھەمراھ كېرەك. مەن سىلىنى يەككە-يېگانىلىق غېمىدىن خالاس قىلسام دەيمەن.

شۇ چاغدا خەۋەرچى كىرىپ:

— كەرەملىك شاھىم، بىر مەملىكەتتىن ئەلچى كەپتۇ. ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە:

— جانابىي ۋەزىرىم، سىز خارجى ئىشلار ۋەزىرى. مېھماننى سىز كۈتۈۋېلىڭ! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

— خوش، شاھىم، — دەپ ۋەزىر چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كىرىپ:

— شاھىم، بۇ ئەلچىلەر مەنسۇر شاھتىن كەپتۇ. مەنسۇر شاھ ئوغلىغا چوڭ مەلىكىمىزنى سورۇتۇپتۇ، — دەپتۇ.

— شاھزادە ئۆزى كەپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ياقسۇ، مەنسۇر شاھنىڭ خارجى ئىشلار ۋەزىرى ئەلچىلەرگە باش بولۇپ كەپتۇ.

— مەنسۇر شاھنىڭ مەملىكىتى بىزدىن ئىككى ئايلىق يېرىدا. سىز ئۇلارغا شاھىم قىزلىرىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىشقا قىيمايدۇ، يىراق يەرگە بەرمەيمەن دەيدۇ دەڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىر سالىھ شاھنىڭ جاۋابىنى ئەلچىلەرگە يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز لايىقىدا كۈتۈپ يولغا سېلىپتۇ. بۇ ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن ۋەزىر يەنە پادىشاھ ھوزۇرىغا كىرىپ، ھېلىقى تەكلىپى ئۈستىدە قايتا سۆز ئېچىپ مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، ھېلىتىن خانقىزلارغا ئەلچى

كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى ئۆيلەنمىسىلە بولمايدۇ. قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئاددىمى، قىز بالىنى مەڭگۈ ئۆيدە ساقلاش مۇمكىن ئەمەس، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياتلىق بولىدۇ. خانقىزلار مەيلى يىراقتا، مەيلى يېقىندا بولسۇن ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئوردىدا ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەن-دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدى-غان، قايتقاندا ئۇزىتىپ قويىدىغان بىر خانىش كېرەك.

— خوش، ۋەزىرىم، ئۇنداقتا سىز ماڭا كىمنى سايە قىلماقچى؟ — دەپتۇ پادىشاھ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ تەكلىپىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ.

— شاھىم، سىلە ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، پادىشاھ، شۇڭا بىرەر پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىمىزدە، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ياق، بولمايدۇ. ئۆز يېرىمىزدىن بولسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— شاھىم، ئۆز مەرتىۋىلىرىگە مۇناسىپ شاھلارنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنلىرى خوپ. مەن تېخى مۇلك شاھدەك كاتتا پادىشاھ-لارنىڭ قىزىنى سوراتسا قىلمىغان دېگەن ئويدا بولۇۋاتىمەن. مەن ئۆتكەن قېتىم دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى بىلەن مۇلك شاھنىڭ مەملىكىتىگە بارغىنىمدا ئۇنىڭ ماھىنبانۇ ئىسىملىك بىر قىزى بارلىقىنى، ئۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالدا ئاينى خىجىل قىلىدىغانلىقىنى، ئىلىم-بىلىم، ئەقىل-پاراسەتتە دانا، ھەربىي ماھارەت ۋە چەۋەن-دازلىقتا كامالەتكە يەتكەن باھادىر ئىكەنلىكىنى، يېشىمۇ 30لارغا بېرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مۇشۇ قىز جانابىلىرىغا «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك تازا باپ كېلىدۇ. خانقىزلارغا «ئانا» بولۇشقىمۇ لايىق. ئۇنىڭ تېخى دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ھەربىي سەركەردىسى بولۇپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ... — دەپ ماھىنبانۇنى بولۇشىغا ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرۈپتۇ. ۋەزىر ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر پادىشاھنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ نۇرغۇن سوۋغا-سالام ۋە تويلۇقلار بىلەن ۋەزىرنى مۇلك شاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. مۇلك شاھ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئىلگىرى ھېچكىمنى نەزىرىگە ئالمىغان، ھازىر باھار گۈلى سولۇشۇشقا باشلىغان، خېرىدارسىز قېلىپ «قېرى قىز ئەر غېمىدا» دېگەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ماھىن-بانۇمۇ ئەمدى بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەت-مەسلىك ئۈچۈن ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. مۇلك شاھ قىزى ئۈچۈن ئۆز شەھىرىدە 40كۈن تەنتەنىلىك توي ئۆتكۈ-زۈپ، قىزىنى ئېغىر جابدۇپ، خاس كېنى-زەكلەر، خىزمەتچىلەر بىلەن ئەلچىلەرگە قوشۇپ، نۇرغۇن ياساۋۇللارنىڭ قوروقچۇ-لۇقىدا يولغا سېپتۇ. ۋەزىر ئۈچ ئاي بولغاندا مۇلك شاھنىڭ قىزىنى ئۆز مەملىكىتى تەۋەسىگە يەتكۈزۈپ كەپتۇ. شە-ھەرگە كىرىشكە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، ۋەزىر چاپارمەن ئارقىلىق سالىھ شاھقا خوش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. سالىھ شاھ خەۋەرچىگە يۈز تىللا سۆ-يۈنچە ئىنئام قىپتۇ، ئاندىن ئەھۋالنى قىزلىرى-غا ئۇقتۇرۇپتۇ. ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئانا مېھرىگە قانمىغان قىزلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوردىغا كېلىدىغان يېڭى «خانىش ئانا» ئۈچۈن چەكسىز خۇشال بولۇشۇپ، قىن-قىنىغا پاتماي سەكرىشىپ كېتىپتۇ. پادى-شاھ تۆت قىزى، ۋەزىر-ئەمرالىرى، ئاكابىر-ئەشرەپلىرى بىلەن نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ

ھىمايىسىدە، ماھىنبانۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ ۋە داغدۇغا، دەبدەبە بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە پادىشاھ ماھىنبانۇ شەرىپىگە دۆلەت زىياپىتى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئەتىسىدىن باشلاپ 40 كۈن توي قىلىپ، ماھىنبانۇنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ.

پادىشاھ ماھىنبانۇ بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. قىزلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىپتۇ. خانىقىزلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە سالامغا كىرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق پادىشاھ چۈشتە، كەچتە قىزلارنىڭ خانىسىغا كىرىپ ئۇلارنى يوقلايدىغان ئادىتىنى تەرك قىلماپتۇ. بۇنىڭدىن ماھىنبانۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەسەت ئوتى يامراپتۇ. ئۇ: «پادىشاھ مەن بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويغىلى بىر ئاي بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇ مەندەك گۈزەللەرنىڭ شاھىنشاھىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ جامالىمغا مەھلىيا بولماي، قىزلىرىدىن قىلچە مېھرىنى بۆلمىدى. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسەم مەنمۇ ئەتە ـ ئۆگۈن بۇ نايناقلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان بىر چۆرىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشىم مۇمكىن. ئىش شۇنداق بولسا قارىنىمدا پەيدا بولغان كىچىك جان مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بولسۇن پادىشاھلىق مىراستىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايدۇ. شۇڭا ھازىردىن باشلاپ پادىشاھلىق تەختى ۋە مىراستا ئۆز پەرزەنتلىرىمدىن باشقا ھېچقانداق «شېرىك» قالدۇرماسلىقنىڭ يولىنى تۇتۇشۇم لازىمدەك قىلىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، كۆڭلىگە نۇرغۇن زەھەرلىك پىلانلارنى پۈكۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پادىشاھقا:

— شاھىم، مەلىكىلىرىنىڭ چوڭى 18 ياشقا، كەنجىسى 12 ياشقا كىرىپ بويىغا يېتىپ قالدى، ئۇلارنىڭ قېشىغا تولا كىرمىسىلە، بۇ ئادەتلىرىنى تاشلىمىسىلا، ئۇلار تالالىق بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىدىلا؟ — دەپتۇ.

— ئۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرەرمەن. لېكىن ھازىر باللىرىم ئالدىمدا ئىكەن، ئۇلارنى ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا كۆرۈپ تۇرۇشۇم كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، قىزلىرىمنىڭ «دادام ئۆيلىنىپلا بىزنى ئېسىدىن چىقاردى» دەپ مالامەت قىلىشىدىن نېرى تۇرىمەن. بۇنىڭ سىز ئۈچۈنمۇ پايدىسى بار، — دەپتۇ پادىشاھ. شۇ چاغدا ماھىنبانۇنى قوغداپ كەلگەن لەشكەر باشلىقى ئىجازەت بىلەن كىرىپ كېپتۇ، ئۇ قۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— ساخاۋەتلىك شاھىم، مۆھتەرەمە خانىش، بىز قەدىرلىك پادىشاھىمىز مۆلك شاھ ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئۆز جايىغا قارار تاپتۇردۇق، يەنى مەلىكە ماھىنبانۇنى ھەزرەتلىرىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇردۇق. پەرماننى ئورۇنداش ۋەزىپىمىز پۈتتى. ئەمدى قايتىشقا رۇخسەت بەرگەيلا، — دەپ ئۆزىنىڭ كىرىش مۇددىئاسىنى ئىزھار قىپتۇ.

— سىلەر بىز ھەر ئىككى پادىشاھقا ساداقەتمەنلىك كۆرسەتتىڭلار، سىلەرگە رەھمەت. ئەمما سىلەر بىزگە ئارتۇقلۇق قىلمايسىلەر، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ دېگەنلىرى بىز ئۈچۈن كاتتا ئىلتىپات ۋە ئىنئام شاھىم. بىراق مۆلك شاھ ھەزرەتلىرى بىزگە «ماھىنبانۇنى ئۆز ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ

كېلىڭلار» دېگەن ئىدى. قايتىپ بارمىساق ئۇلار خاتىرجەم بولالمايدۇ. — دەپتۇ لەشكەر باشلىقى.

پادىشاھ لەشكەر باشلىقىنىڭ «ئۇلار» دېگىنىنى شاھلارغا خاس زېرەكلىك بىلەن «بۇ ئادەم خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ» دەپ مۇتالىئە قىلىپ، «بۇلارغىمۇ ئائىلە كېرەك» دېگەنىنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، «سىز قانداق قارايسىز؟» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن ماھىنىبانۇغا قاراپتۇ. ماھىنىبانۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— شاھىم، ئۇلار قايتسۇن. مەن بىللە كەلگەن كېنىزەكلەر، قوغدىغۇچىلار ئىچىدىكى سېلىم باتۇر بىلەن ھېلىم باتۇر قېپقالسۇن. مەن يەڭگىگەندىن كېيىن ئاتا-ئانامنى كۆرۈشكە بارغىنىمدا شۇلار يول باشلاپ ماڭىدۇ، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

شۇنىڭ بىلەن لەشكەر باشلىقى ئىككى باتۇرنى قالدۇرۇپ، پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ سوۋغا-سالاملىرىنى ئېلىپ قايتىپتۇ.

ئەكسىچە، ماھىنىبانۇ ھېلىقىدەك ئېزىتقۇ خىياللارغا ئەسىر بولغان كۈندىن باشلاپ، پادىشاھنىڭ قىزلىرىغا ئۇنچە ئىللىق چىراي ئاچمايدىغان بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى قىزلار ئادەتتىكىدەك سالام بەرگىلى كىرگەندە، پادىشاھ قىزلىرىنىڭ بېشىنى سىيلاپتۇ. كەنجى قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ.

— ئۇۋۇۋۇش، شاھىم، چوڭچوك بولۇپ قالغان قىزلارنى ئەركىلەتكەن قانداق ئىش ئۇ؟! ئەجەب سەت تۇرىدىكەن، — دەپتۇ ماھىنىبانۇ كۆزلىرىنى سۈزۈپ، كالپۇكىنى ئۈچلاپ تۇرۇپ.

پادىشاھمۇ، قىزلارمۇ بىر تۈرلۈك ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىزلار خانىش بار يەردە ئىزا تارتىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلەلمەيدىغان، شاھمۇ خانىش بار جايدا قىزلىرىغا كۆيۈمچانلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قىزلار خانىشقا كۈلۈپ قارىسا، خانىش ئۇلارغا ئالىيىپ ياچەكچىيىپ قارايدىكەن. شۇڭا قىزلار ئەتىگەندە دادىسى بىلەن خانىشقا سالام بەرگىلى كىرگەندە خانىشنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالماي يەرگە قاراپ تۇرىدىغان، سالامدىن كېيىنمۇ كۈلمەي ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىدىغان بوپتۇ. قىزلىرىنىڭ ئوچۇق چىرايىنى كۆرمىگەن، كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان پادىشاھ ئىچى تىتىلداپ، كۆڭلىدە: «دۇنيادا ئاتا-ئانا ئۈچۈن ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ خۇشاللىقىدەك قىممەتلىك نەرسە بارمىدۇ؟» دەپ ئاھ ئۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ؛ قىزلارنىڭ «ئانا مېھرىگە قېنىش» دېگەن ئارزۇسىمۇ لاي-لاتقىلارنى ئېقىتىپ كەلگەن تاشقىن سۇنىڭ سۈزۈك سۈيىنى بېسىپ كەتكىنىدەك تۇنجۇقۇپ كېتىپتۇ.

لېكىن پادىشاھ «ئۆزۈمنى تۇتۇشنى بىلىشىم، ئۇنىڭغا كىملىكىمنى تونۇتۇپ قويۇشۇم لازىم» دەپ ئويلاپ، ماھىنىبانۇنىڭ «توساق تام»لىرىغا پىسەنت قىلماپتۇ. ئۇنىڭ قېشىغا تولا كىرمەيدىغان، قىزلىرىنىڭ خانىسىغا كىرىپ قىزلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپتۇ. پادىشاھ بىلەن قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆز قولى بىلەن توسما قىلىپ قوپۇرۇلغان بۇ قىرنىڭ ئۆزى بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى بوي يەتمەس ئېگىز تامغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان خانىش زەردىگۈش بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ قىزلىرىنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— سىز قىزلىرىمنىڭ سۈت ئانىسى، قىزلىرىم

سىزنىڭ تەربىيىڭىزدە ئۆسۈپ يېتىلدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئانىسىمۇ سىز، مۇندىن كېيىنمۇ قىزلىرىمدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭ، مەن سىزدىن رازى بولاي، قىزلىرىمنى سىزگە تاپشۇرۇدۇم، — دەپ ئۇنىڭغا بىر خالتا تىللا بېرىپتۇ. بۇنى ماھىنبانۇ ئىشىكتىن مارىلاپ كۆرۈۋاپتۇ-دە، كۆڭلىدە: «ھە، ئىش بۇنداقمۇ تېخى» دەپ جۇدۇنى تۇتۇپ «خەپ، مەن سەنلەرنى شۇنداق داغدا قويايكى ئۆمۈرۋايەت ئەس-ھوشۇڭنى تاپالمايدىغان قىلىۋېتەي» دەپ پەيت كۈتۈپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ بىر كۈنلۈك شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. خانىش پادىشاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، كۆڭلىگە پۈككەن غەرەزلىرىنىڭ بىرىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بوپتۇ-دە، خىيال ئىلكىدە ئۆز قەسىرىنىڭ راۋىقىغا چىقىپتۇ. بۇ راۋاقتىن ئوردا ئىچىنىلا ئەمەس پۈتۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە كۆرگىلى بولىدىكەن. ماھىنبانۇ دۇربۇنىنى قىزلار قەسىرىگە توغرىلاپتۇ. قارىسا، قەسىر سەيناسىنىڭ چىملىقىدا تۆت مەلىكە تۆت ئەر بىلەن نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقىدەك. بۇنى كۆرۈپ گۆھەر تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كەتكەن ماھىنبانۇ شۇئان راۋاقتىن چۈشۈپ، بىر كېنىزەكنى مەلىكە رۇشەنانى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە رۇشەنا «ھازىر باراي» دەپ چاقىرغىلى كەلگەن كېنىزەكنى كەتكۈزۈۋېتىپ، قىلىچ-نەيزىلىرىنى سىڭىللىرىغا تاپشۇرۇپ، مەشىق كىيىمى بىلەنلا «خانىش ئانا»سىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ، ئىشىكتىن كىرىپلا «چىر» قىلىپ بىر چىرقىراپ يەرگە يىقىلىپتۇ. چىرقىرىغان بۇ ئاۋاز شۇنداق قاتتىق چىقىپتۇكى ئۇنى رۇشەنانىڭ سىڭىللىرىمۇ، كېنىزەكلەرمۇ، ئۆيدە ئىش قىلىۋاتقان سۈت ئانىسىمۇ، ئوردا ئىچىدە ئۇيانىدىن-بۇيانىغا مېڭىپ يۈرگەنلەرمۇ، ياساۋۇللارمۇ ئاڭلاپتۇ. سۈت ئانا بىلەن ئۈچ مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر دەرھال خانىشنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. شۇ كۈنى ئوردا ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ قالغان باش ۋەزىرمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قارىسا رۇشەنا يەردە ياتقۇدەك.

—خانىش ئالىيلىرى، مەلىكە رۇشەناغا نېمە بولدى؟— دەپ سوراپتۇ باش ۋەزىر ماھىنبانۇدىن.

—مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم، مەن بىر ئىش بىلەن چوڭ خانىقىزنى چاقىرتقان ئىدىم، ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپلا تۇيۇقسىز بىر چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خانىش يالغان كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ. باش ۋەزىرنىڭ ئىشارىتى بىلەن سۈت ئانا ۋە كېنىزەكلەر رۇشەنانى كۆتۈرۈپ ئۆز خانىسىغا ئەچىقىپ كېتىپتۇ. باش ۋەزىر ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىپ، رۇشەنانى تەكشۈرتكۈزۈپتۇ. تېۋىپ: «مەلىكە رۇشەنانىڭ ئەرۋاھى مەرھۇمە ئانىسىنىڭ ئەرۋاھىغا ھەمراھ بولۇپتۇ» دەپتۇ. شۇ گەپ بىلەن تەڭ سۈت ئانا، مەلىكىلەر، كېنىزەكلەر دادپەرياد كۆتۈرۈپتۇ. خانىشمۇ چوڭ قىزىنىڭ خانىسىغا كېلىپ، مەلىكىلەرنىڭ زارەزارىغا قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن تەڭ قايغۇرۇپ، «يىغلاش»قا باشلاپتۇ. باش ۋەزىر ئۇلارغا پادىشاھ كەلگەندىن كېيىن ھازا ئېچىشنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ يىغا-زار ئاۋازىنى پەسەيتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاتلىق ياساۋۇللارنى چاپتۇرۇپتۇ. پادىشاھ قايتىپ كەپتۇ. باش ۋەزىر ئۇنى مەلىكە رۇشەنانىڭ خانىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇ يەردە خانىش، سۈت ئانا، ئۈچ قىزى ۋە بىر نەچچە كېنىزەكلەرنىڭ رۇشەنانىڭ بېشىدا

ماتەمدار بولۇپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، هالى - تالى بولۇپ قاپتۇ - دە:

— قىزىمغا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ سۇت ئانىدىن. سۇت ئانا جاۋاب بەرگىچە خانىش سۆز باشلاپ، ئۆزىنىڭ بايا باش ۋەزىرگە بەرگەن جاۋابىنى پادىشاھقىمۇ تەكرارلاپتۇ.

— نېمە ئىش بىلەن چاقىرغان ئىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ خانىشتىن.

— بۇنى ئۆزلىرىگە كېيىن ... — دەپ توختاپ قاپتۇ خانىش.

پادىشاھ تېۋىپ چاقىرتماقچى بوپتۇ. باش ۋەزىر:

— شاھىم، تېۋىپ چاقىرىش هاجەتسىز. چوڭ مەلىكەم، — دەپ كېيىنكىنى داۋاملاشتۇرالماي، بۇلدۇقلاپ يىغلىۋېتىپتۇ. سۇت ئانا بىلەن مەلىكىلەرمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. بۇ هالنى كۆرگەن پادىشاھ: «ۋاي باغرىم بالام، جىگەرىم بالام، يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام، كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام، ئۆيۈمنىڭ چىرىغى بالام» دەپ يەر - ئاسماننى تىترەتكۈدەك ئاھ ئۇرۇپ، پىغان چېكىپ يىغلاپ، قىزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ هوشىدىن كېتىپتۇ. كىچىك مەلىكىلەر بىر دەم دادىسىنىڭ ئۈستىگە بىر دەم ئاچىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ ئۇلارمۇ هوشىدىن كېتىپتۇ. سۇت ئانا بۇ قىزلارنى ئۆزى ئىمىتىپ باققانلىقى ئۈچۈن بۇ جۇدالىق ئەلىمىگە چىدىيالماي ئىزىنى هەر يانغا ئۇرۇپتۇ. خانىش بولسا كۆرۈنۈشتە ماتەم يېشى، ئەمەلىيەتتە خۇشاللىق يېشىنى تۆكۈپ، يۈزىنى رومىلى بىلەن ئوراپ، كۈلۈپ، بۇلارنىڭ هالىنى تاماشا قىلىپ تۇرۇپتۇ. سۇت ئانا بۇنى سېزىپ قېلىپ، خانىشتىن گۇمانلىنىپتۇ - دە، كۆڭلىدە «بۇ مالىمانچىلىقتا خانىش بۇلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىغاي» دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ هوشيار تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا باشقا ۋەزىر - ئەمىرلارمۇ مۇشۇ قەسىرگە توپلىشىپ هۇجرا ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقان ئىكەن.

— پادىشاھ ئالىيلىرىنى ئۆز خانىسىغا ئېلىپ چىقىشقايلا، — دەپتۇ خانىش ۋەزىرگە قاراپ پەرمان چۈشۈرگەندەك قىلىپ.

ۋەزىر ئەزەم باشلىق ۋەزىر - ئەمىرلار دەرهال پادىشاھنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆز هەرەمخانىسىغا ئېلىپ چىقىشىپتۇ هەم پادىشاھنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ هوشىغا كەلتۈرۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا خانىش ۋەزىرلەرگە قاراپ:

— جانابىي ۋەزىرلەر، هازىرچە هەممە بىرىگە ئىجازەت، ئىش ئورۇنلىرىغا چىقىپ، شاھىمنىڭ پەرمانىنى كۈتۈشكەيلا، — دەپتۇ. ۋەزىرلەر چىقىپ كېتىپتۇ. هەرەمخانىدا پادىشاھ بىلەن خانىش ئىككىسىلا قاپتۇ. خانىش قايغۇرغان قىياپەتتە مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، ئۆزلىرى شىكارغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىچىم پۇشۇپ راۋاقتا چىققان ئىدىم. قارىسام، تۆت مەلىكە تۆت ئەر بىلەن مەشىق قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ دەرهال چوڭ خانقىزنى چاقىرتتىم. مەن ئۇنىڭغا جانابلىرىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاشنى، ئەرلەر بىلەن مەشىق قىلماسلىقنى ئېيتماقچى ئىدىم. بىراق ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا يىقىلدى. مەشىقتە بەك هېرىپ كەتكەن بولغىيدىمىكىن ياكى سىرىمىز ئاشكارىلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتتىمىكىن، بۇنىسى نامەلۇم.

— قىزلىرىمغا هاقارەت كەلتۈرمەڭ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئار - نومۇسنى ساقلاشتا تىنىق سۇدىنمۇ سۈزۈك، — دەپتۇ پادىشاھ ، — مەن هازىرلا ئەهۋالنى ئېنىقلايمەن، ئەگەر

ئىش سىز ئېيتقاندەك بولمىسا، ئۇ چاغدا بۇ تۆھمىتىڭىز ئۈچۈن ... — دەپ توختاپ قاپتۇ پادىشاھ.

— شاھىم، تەكشۈرسىلە، تەكشۈرۈش قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — دەپتۇ خانىش ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن ھالدا ۋە، — مەلىكىلەرنى چاقىرتايمۇ شاھىم؟ — دەپتۇ.

— چاقىرتىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ. خانىش خاس كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى ئەۋەتىپ ئۈچ مەلىكىنى چاقىرتىپ كەپتۇ. مەلىكىلەر دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇلۇغ شاھ ئاتا، بىز ئەر جىنىس بوياقتا تۇرسۇن، ئەركەك چىۋىننىمۇ كۆرۈنگىنىمىز يوق، — دەپ تەڭلا ئېتىراز بىلدۈرۈشۈپتۇ.

— يالغان ئېيتماڭلار، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، چىملىقتا سىلەر بىلەن مەشق قىلغان ئەرلەرچۇ؟ — دەپتۇ خانىش.

— خانىش ئانا، كۆرگەنلىرى راست. ئۇلار قەسىرىمىزدىلا ئەمەس، ياتىقىمىزدىمۇ كېچە - كۈندۈز بىز بىلەن بىللە تۇرۇپ، بىللە ماھارەت ئۆستۈرۈپ كېلىۋاتقان نەۋكەرلەر، — دەپتۇ مەلىكە مەرھابا.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پادىشاھ نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، لاغىلداپ تىترەپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. ئارزۇلۇق بالىلىرىدىن كەلگەن بۇ ھاياسىزلىقنى ۋۇجۇدىغا سىغدۇرالماي، كۆزىدە غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ، ھوشىنى يوقىتىپ، بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىشكە تاس - تاماس قاپتۇ. خانىش پادىشاھنى يۆلەپ، يۈزىگە تەپچىپ چىققان مۇنچاق - مۇنچاق ئاچچىق تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— شاھىم، ئاشۇ ئەر نەۋكەرلەرنىمۇ چاقىرتامسىز؟ — دەپتۇ. پادىشاھ بىر مەھرەمنى قىزلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئەۋەتىپتۇ. مەھرەم بېرىپ پادىشاھنىڭ «تۆت ئەر نەۋكەر دەرھال كۆز ئالدىمدا ھازىر بولسۇن!» دېگەن پەرمانىنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇئان تۆت ئەر چەۋەنداز چىقىپ مەھرەم بىلەن بىللە پادىشاھ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. ياساۋۇللار ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ پادىشاھنىڭ ھەرەمخانىسىغا كىرگۈزۈپتۇ.

— خانىش ئانا، ئۆزلىرى كۆرگەن تۆت ئەر شۇلارمىكىن؟ — دەپتۇ مەلىكە مەرھابا ماھىنىبانۇغا قاراپ.

— دەل ئۆزى، — دەپتۇ ماھىنىبانۇ كىدىيىپ تۇرۇپ.

بۇ تۆت باتۇر تېخى بۇرۇتىمۇ خەت تارتمىغان نوتىدەك ياش يىگىتلەر ئىكەن. بۇ ھال ماتەم قايغۇسىدا ئازابلىنىۋاتقان پادىشاھنىڭ يۈرىكىنى خۇددى جاراھەت ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك ئېچىشتۇرۇۋېتىپتۇ - دە، غەزىپىنى باسالماي، قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە شۇئانلا «جاللات!» دەپ ۋارقىراپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا دەرھال يەتتە جاللات ھازىر بوپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە مەرھابا تۆت ئەر نەۋكەرگە قاراپ:

— كىيىملىرىڭلارنى يېشىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. تۆت يىگىت كىيىملىرىنى سالغان ئىكەن، بۇ كىيىملەرنىڭ ئىچىدىن تۆت كېنىزەك چىقىپتۇ، پادىشاھنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. ماھىنىبانۇ لال بولۇپ بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. جاللاتلارمۇ چىقىپ كېتىپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ مەلىكىلەردىن.

— كەرەملىك شاھ ئاتا، سىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنتىڭىز يوق. ئاۋادا دۈشمەنلەر تاجاۋۇز

قىلىپ، زېمىنىمىزدا جەڭ بولۇپ قالغۇدەك بولسا، بىز ھامان ئەرلەر بىلەن ئېلىشىمىزغۇ؟ شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ قىز ئىكەنلىكىمىزنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇ تۆت قۇر ئەرەنچە كىيىمنى ھازىرلىتىپ، بۇ كىيىملەرنى بەزىدە بىز تۆت مەلىكە كىيىپ، بەزىدە كېنىزەكلەر كىيىپ مەشق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدۇق. بۈگۈن ئەتتىگەندە مەشق قىلىۋاتقىنىمىزدا خانىش ئانىنىڭ كېنىزىكى كېلىپ ئاچامنى چاقىرىپ كەتتى. بىزمۇ شۇئان مەشقنى توختىتىپ، ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىمىزنى يەڭگۈشلەپ تۇرۇشىمىزغا ئاچامنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ مەلىكە مەرھابا. پادىشاھ كۆڭلىدە قىزلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، ئۇلاردىن رازى بوپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ مەلىكە رۇشەنانىڭ دېگەن ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ... ماھىنبانۇنى ئوردىدىن قوغلىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر دانىشمەن تاغىسى بار ئىكەن. پادىشاھ چوڭ - چوڭ مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر قۇربايان قىلغاندىن كېيىن ماھىيانۇنى ھەيدىۋېتىش توغرىسىدىكى ئويىنى ئېيتىپتۇ. تاغىسى كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، سەن ئۆيلەنگەندە، مەن چەت ئەلدە بولۇپ قېلىپ ماڭا مەسلىھەت سالالمىغىنىڭ راست. مەن بار بولسامۇ باشقىچە پىكىردە بولمايتتىم، ماھىنبانۇ بىلەن توي قىلىشىڭغا قوشۇلاتتىم. چۈنكى بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇ چاغدا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتۇق. ھازىر ئىش بۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ. لېكىن قولۇڭدا رۇشەنانى ماھىنبانۇ ئۆلتۈردى دەيدىغانغا ئاساسىڭ يوق ئىكەن. ئاۋۋال تولۇق دەلىل - ئىسپاتقا ئىگە بول. ئۇندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلارمىز.

— تاغا، ئائىلىمۇ خۇشاللىق، ئىناقلىق بىلەن جەننەت، كۆڭۈلسىزلىك، سوغۇقچۇلۇق بىلەن دوزاخ ئىكەن. خۇددى ئۈششۈك تەگكەن غۇنچە - پورەكلەر ئېچىلالماي يىگىلەپ قالغاندەك قىزلىرىممۇ ماھىنبانۇنىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان تەلەتى ئاستىدا قۇرۇنۇپ، خازان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ سالىھ شاھ.

— ھەي شاھ بالام، سەۋر قىل. «تۈلكە قۇيرۇقىدىن تۇتۇلىدۇ» دېگەندەك، ماھىنبانۇ راستىنلا شۇنداق رەزىللىكنى قىلغان بولسا، ئۇ بەرىبىر ئۆزىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. مۇلك شاھمۇ ئۇنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئالالمايدۇ. ئاراڭلاردا يىرىكلىشىش روي بېرىشتىنمۇ ساقلىنىپ ئالسەن... — دەپتۇ تاغىسى.

سالىھ شاھ تاغىسىنىڭ نەسىھەتى ۋە «دەلىلگە ئىگە بول» دېگەن پىكرىنى رەت قىلالماي نائىلاج ئوردىغا قايتىپتۇ. سالىھ شاھقا ھېلىقى ۋەزىرمۇ، خانىشمۇ شۇنچە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ ئۇلارنى كۆرۈشكە كۆزى يوق ئىكەن. ئاخىر پادىشاھ قىزىنىڭ دەردىدە ساقىز بولۇپ قاپتۇ، ئوردا ئىشلىرىنى باش ۋەزىر باشقۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمما پادىشاھ پات - پات قىزلىرى بىلەن بىللە مەرھۇمە خانىشى ۋە چوڭ قىزىنىڭ مەقبەرىسىگە چىقىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ قىزلىرىنى ھەمراھ قىلىپ تۇپراق بېشىغا چىقىپ،

كېتىپتۇ. ماھىنبانۇ سىبىلىم باتۇر بىلەن ھېلىم باتۇرنى چاقىرتىپ ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىمنىڭ چوڭ قىزى قازا قىلغاندىن بۇيان ئۇ ماڭا سىڭايان قارايدىغان، سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بوشىنىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالدى. پادىشاھ ماڭا بۇنداق قىلىۋاتقان يەردە، تۇغۇلغان بالىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولماقچى؟ بۇنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ قىزلىرىغا ئىنتايىن ئامراقلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ ھالىمنىڭ ئوڭشىلىشى، دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى ۋەلى ئەھدىنىڭ ياكى مەلىكىنىڭ بەخت - سائادىتى پادىشاھنىڭ مۇشۇ قىزلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشقا باغلىق. بۇنى پەقەت سىلەرلا ئورۇندىيالايسىلەر. مەن سىلەرنى كېرەك بولغان چاغدا ماڭا ئەسقاتىدۇ دېگەن مەقسەتتە بۇ يەردە ئېلىپ قالغان ئىدىم.

— خانىش خاتىرجەم بولسىلا، ھەر قانداق خىزمەتلىرىگە تەييارمىز، — دەپتۇ ئىككى باتۇر.

— مېنىڭ سىلەردىن باشقا ئىچ سىرىمنى ئېيتىدىغان ئادىمىم يوق. ھازىرچە بۇنى ئېلىپ تۇرۇڭلار، كېيىن ئوبدان رازى قىلىمەن، — دەپ ئىككى باتۇرغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۈز دىناردىن پۇل بېرىپتۇ خانىش ھەم بىر كىشىلىك قارا نىقابلىق ئۇزۇن كىيىمنى بېرىپ، — باتۇرلار، مەلىكىلەر قەبرىستانلىققا بارغاندا، بىرىڭلار مۇشۇ كىيىمنى كېيىپ ئىشنى پۈتتۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى مەلىكە گۈلرۇخسار ئاغرىپ قاپتۇ. بىر قىزىدىن ئايرىلىپ يۈرىكى زەدە بولغان پادىشاھ گۈلرۇخسارنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ، ئۆزى دورا ئىچكۈزۈپ، قىزىنىڭ يېنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان كۈن ئىكەن. ئىككىنچى قىز مەلىكە مەرھابا:

— شاھ ئاتا، بۈگۈن ئانام بىلەن ئاچامنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدىغان كۈن. مەن سىڭلىم گۈلدىيار بىلەن قەبرىستانلىققا چىقىپ كېلەي، — دەپ دادىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ رۇخسەت بېرىپتۇ. ئىككى مەلىكە بىردىن ئىككى كېنىزەكنى ھەمراھ قىلىپ، ئىككى مەپىگە ئولتۇرۇپ قەبرىستانلىققا بېرىپتۇ. ئۇلار دۇئا تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ قايتماقچى بولۇۋاتقىنىدا بىر شامگۆردىن ھەممە ئەزايى قاپقارا، ئۇزۇن تۆكلۈك، ئىككى كۆزى چوغدەك قىپقىزىل، ئاغزى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدەك يوغان، چىشلىرى چاپما ھەرىنىڭ چىشىدەك بىر مەخلۇق دەھشەتلىك ۋارقىراپ چىقىپ قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككى مەلىكە بىلەن ئىككى كېنىزەك «ۋاي جىن! جىن!» دېيىشىپ چىرىلدىشىپ شۇ يەردىلا يىقىلىپتۇ. پادىشاھ جەمەتىنىڭ بۇ قەبرىستانلىقى ئېگىز بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، چۆرىسى ئىھاتە تام بىلەن قورشالغان ئىكەن، شۇڭا ئات- مەپىلەر پەستە توختايدىكەن. قەبرىستانلىقتا مەخسۇس قويۇلغان بىر شەيختىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. مەپىكەشلەر بايىقى قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ۋە مەلىكىلەرنىڭ «ۋاي جىن!» دەپ چىرقىرىغىنىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، قەبرىستانلىققا كىرىپ قارىسا تۆت قىز سۇنايلىنىپ ياتقىدەك. ئۇلار قىزلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يۈرىكىنى تىڭشاپ بېقىپتۇ. ئۇلار قىزلارنىڭ جېنى قەپەزدىن چىقىپ پەرۋاز ئەيلىگەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، ئەھۋالنى شەيختىن ئۇقۇش

ئۈچۈن شەيخنى ئىزدەپتۇ. بىراق شەيخمۇ قەبرىستانلىق دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە قېتىپ قالغان ئىكەن. مەيىتكەشلەر مەسلىھەتلىشىپ بىرى شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بىرى مەيىتتىن ئاتنى چىقىرىپ ئۇچقانىدەك چاپتۇرۇپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ۋەقەنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىشقا پېتىنالماي، باش ۋەزىرگە ئىزھار قىپتۇ. باش ۋەزىر چۆچۈپ كېتىپ، «ئالدى بىلەن ئۆزۈم بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقاي» دەپ ئىچكى ئىشلار، خارجى ئىشلار ۋەزىرى بىلەن ئەدلىيە ۋەزىرىنى ھەمراھ قىلىپ، بىر قانچە ياساۋۇللار ۋە ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىللە قەبرىستانلىققا بېرىپتۇ. مەيىتكەش خەۋەرىنىڭ راستلىقى ئىپاتلىنىپتۇ. ھەممە ياق ئاختۇرۇلۇپتۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق تامدىكى ئىزدىن قەست قىلغۇچىنىڭ ئىككى كىشى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قەبرىستانلىققا تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەنلىكى، قايتقاندىمۇ شۇ يول بىلەن قايتقانلىقى جەزملەشتۈرۈلۈپتۇ. سۈيىقەستچىلەر شەيخنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن سىرت، مەلىكىلەر بىلەن كېنىزەكلەرنىمۇ بوغۇپ تاشلىغان ئىكەن. شۇ ئەسنادا بىر گۆرنىڭ ئالدىدا تۇرغان ياساۋۇللاردىن بىرى تۇيۇقسىز «ۋاي جىن! جىن» دەپ ۋارقىراپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ۋەزىر ئەزەم باشلىق ھەممەيلەن شۇ يەرگە توپلىشىپتۇ. «جىن» بولسا يەرگە باغرىنى يېقىپ يېتىۋالغانىدەك قىياپەتتە بەدھەيۋەت بېشىنى سىرتقا قارىتىپ، قىپقىزىل كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ، ئۇلارغا ھەيۋە قىلغانىدەك بىر خىلدا قاراپ تۇرغىدەك. باش ۋەزىر بۇنىڭدىن بىرنېمىنى پەملەپتۇ-دە، «قورقماڭلار!» دەپتۇ ۋە بىر ياساۋۇلغا ئەمىر قىلىپ گۆرنىڭ ئىچىدىن «جىن»نى تۇتتۇرۇپ چىقىپتۇ. بۇ ھېلىقى قارا نىقابلىق كىشى ئىكەن. ۋەزىر ئەزەم بۇنى كۆرۈپ «ياپىر، بۇ كىشىلىك ئادەمنى كۆرگەندە كىشىنىڭ يۈرىكى يېرىلمىسۇن!» دەپتۇ-دە، كۆڭلىدە «چوڭ مەلىكىنىڭ جېنىغا چاڭ سالغان ئەزرائىلمۇ دەل مۇشۇ كىشى» دەپ رۇشىنانىڭ قاتىلى كىم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىپتۇ، بۇ كىشىنى قەبرىستانلىقتا ئىشلەتكەن ئىككى كىشىنىمۇ قىياس قىپتۇ. ۋەزىر كىشىنى ئېلىپ، قىزلارنىڭ جەسىتىنى مەيىتكە سېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالغان ئىكەن. پادىشاھ قىزلىرىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن خاۋاتىرلىنىپ بىر نەچچە خاس قوروقچىنى قىزلىرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار يولدا باش ۋەزىرگە ئۇچراپ بىللە قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر ئەزەمدىن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىپ، دارىڭگىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. تېۋىپلار تۈرلۈك ئاماللارنى قىلىپ پادىشاھنى ھوشىغا كەلتۈرۈشۈپتۇ. باش ۋەزىر شاھقا تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، ئالەمدە ئۆلمەيدىغان ئىنسان يوق. ئاللاتائالا ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە يا ئۇنداق، يا بۇنداق بىرەر ھادىسىنى ياكى سەۋەبنى باھانە قىلىدۇ. جانابلىرى ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، ئالدىلىرىدا يەنە بىر ئاجىزەلىرى مەلىكە گۈلرۇخسار بار. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەزرەتلىرى ئامان بولۇشلىرى كېرەك. قاتىلنى تۇتىمىز دېسەك ھازىرلا تۇتىمىز، بىراق ئاز ۋاقىت تەخىر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ. چۈنكى ئۇ باش ۋەزىرنىڭ قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايقاپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ «ئاز ۋاقىت تەخىر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ» دېگىنىدە، ئۆزىنىڭ يېڭىشىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ.

تۆت قىزنىڭ دەپنە ئىشى ئورۇنلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھمۇ، مەلىكە گۈلرۇخسارمۇ ئۆزلىرىنى خۇددى ئەجەل ماراپ تۇرغاندەك ئەندىشىلىك ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ خانىش بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. لېكىن پادىشاھ خانىشنى مۇبارەكلىگىلىمۇ، ئوغلىنى كۆرگىلىمۇ كىرمەپتۇ. ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكى شەرىپىگە توي - تاماشامۇ قىلىپ بەرمەپتۇ. باشقىلار بۇنى ماتەم تۈپەيلىدىن دەپ بىلىشىپتۇ. ئەمما ماھىنبانۇ ئۆزىنىڭ نامىدا خانىش، ئەمەلىيەتتە تاشلاندۇق بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى يەنە بىر ئوۋلاپ بېقىش نىيىتىدە ئۈچ ئايلىق بولغان بالىسىنى كۆتۈرۈپ شاھنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپتۇ:

— شاھىم، قارىسىلا، تەخت ۋارىسلىرى ئۆزلىرىگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە، بۇنىڭ بىلەن مەلىكە بولسىلا قىزلىرىنىڭ ئوتى بېسىلىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنى قولغا ئېلىشىنىڭ ئورنىغا تەتۈر قاراۋاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ماھىنبانۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، شاھزادىنى قانداق كۆتۈرۈپ كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز خانىسىغا كىرگەندىن كېيىن بىر دەم كۈلۈپ، بىر دەم يىغلاپ خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى «خانىشقا جىن چېپىلغان ئوخشايدۇ» دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ھەش - پەش دېگۈچە يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ماھىنبانۇ بۇ «خورلۇق»قا چىدىماي بارا - بارا چاچلىرىنى يۇلىدىغان، كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلايدىغان، نەرسە-كېرەكلەرنى يەرگە ئېتىپ چاقىدىغان... بولۇپ قاپتۇ. ماھىنبانۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن خىزمەتچىلىرى: «خانىش شۇنچىۋالا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئەقلىدىن ئازىدىغان ھالغا كېلىپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن پادىشاھ خەۋەر ئالمىدى» دەپ سالىھ شاھقا نارازىلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. باش ۋەزىر بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا:

— شاھىمىز خانىشنىمۇ بەتتەررەك ئېلىشىپ قالدى. ئۇ قىزلىرىنىڭ دەرد - پىراقىدا ئەقىل - ھوشىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويدى. بۇنداق ئەھۋالدا سىلەر شاھىمىزدىن نارازى بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە شاھىمىزغا مەدەتكار بولۇپ، خانىشنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ داۋالاپ، شاھىمىزنىڭ دەرد - ئەلىمىنى يېنىكلىتىشىڭلار لازىم ئىدى، — دەپتۇ.

خانىشنىڭ خادىملىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ، ئالدى بىلەن شۇ شەھەردىكى داڭلىق داخان - پىرىخونلارنى چاقىرىپ، دۇئا ئوقۇتۇپتۇ، پىرە ئوينىتىپتۇ. لېكىن داخانلارنىڭ دەمىدە سۈلىرىمۇ، پىرىخونلارنىڭ داپلىرىمۇ خانىشقا چاپلىشىۋالغان «جىن»نى ھەيدىۋېتەلمەپتۇ. ئاندىن ئۇلار تېۋىپلارنى تەكلىپ قىپتۇ. تېۋىپلار كېلىشىۋالغاندەك: «خانىشتا ھېچقانداق كېسەل ئالامىتى يوق. خانىش قانداقتۇر تەشۋىش، ۋەھىمە تەھلىكىسى قارىمىقىغا چۈشۈپ، دەككە - دۈككىدە سەپرا مىجەز بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ شىپالىق دورىسى ھەر قانداق ئوي - خىياللارغا بېرىلمەسلىك، ئوبدان دەم ئېلىش...» دېيىشىپتۇ. تېۋىپلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى، بولۇپمۇ «تەشۋىش، ۋەھىمە» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان خانىش «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، بۇنداق قۇۋلۇق

بىلەن ئۈزىنىڭ شۇملۇق قىلمىشىنى يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ «ماڭا ئەڭ ياخشى داۋا — بۇ يەردىن كېتىش» دېگەن قارارغا كەپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئادەم كىرگۈزۈپ، ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەچ ئۆز مەملىكىتىدە داۋالىنىشقا رۇخسەت سورۇتۇپتۇ.

— ئىختىيار ئۆزىدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

خانىش يولغا چىقىشقا ھازىرلىنىپتۇ. باش ۋەزىر پادىشاھنىڭ نامىدىن ماھىنبانۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا سوۋغا - سالام تەييارلاپ، ماھىنبانۇنى ئۇنىڭ ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئەر - ئايال خىزمەتچىلىرى ۋە ئىككى باتۇرى بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

مۇلك شاھ قىزى ئەۋەتكەن چاپارمەندىن قىزىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىر كۈنلۈك يېرىگە بېرىپ قىزى بىلەن نەۋرىسىنى كۈتۈۋاپتۇ. لېكىن ئۇ قىزى بىلەن بىللە كەلگەنلەر قىزى ئېلىپ كەتكەن كېنىزەك، چۆرە ۋە باشقا خاس قوغدىغۇچىلار بولۇپ، كۆيئوغلى تەرىپىدىن بىرمۇ ئادەم كەلمىگەنلىكىنى، ھېچقانداق داغدۇغا - دەبدەبىمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا قىزىدىن:

— سەن سالىھ شاھ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ماھىنبانۇ قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر مۇنچە يالغان - ياۋىداقلارنى توقۇپ «كۆيئوغلىڭىز مېنى تاشلىۋەتتى، بۇ قېتىم قايتار چېغىمدا ئۇزىتىپمۇ قويمىدى، ھەتتا قېيىن ئاتا - قېيىن ئانامغا سالام دېيىشۇن دەپ باشقىلار ئارقىلىق بولسىمۇ بىر ئېغىز گەپ ھاۋالە قىلمىدى...» دەپ سالىھ شاھنى يامانلاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇلك شاھنىڭ غەزىپى قايناپ:

— بۇ نېمىدېگەن بەھۇرمەتلىك. نېمە دېگەن ھاقارەت! سالىھ شاھ مېنى پادىشاھ ئورنىدىمۇ، قېيىن ئاتا ئورنىدىمۇ كۆرمەپتۇ، ئىززەت - ئابرويىمنى يەرگە ئۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب قايتۇرايكى، ئۇنى پۈتۈن مەملىكىتى بىلەن كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇپ، تۈپتۈز قىلىۋېتەي. خەلقىنى قۇل قىلاي... دەپ شۇ يەردىلا جەڭ تەييارلىقىغا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئىككى ئېغىز گەپنى سالىھ شاھ تەرەپتىن ئاڭلايلى.

سالىھ شاھ بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۆلگەن قىزلىرى ھۆر - پەرىلەردەك ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كىم تەرىپىدىن، قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكلىرىنى ھەمدە ئۇ قانخورنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن مولك شاھنىڭ بۇ مەملىكەتنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىپ، پۇقرالارنى قۇل قىلىپ ئەكېتىش ئۈچۈن جازا لەشكىرى ماڭغۇزغىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سالىھ شاھ ئويغىنىپ چۈشىدە ئاڭلىغانلىرىنى ئويغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر — باش ۋەزىر تاپشۇرغان ھېلىقى قارا نىقابلىق كېيىم، قىزلىرىنىڭ قان چىققاي ئۆلۈشى، خانىشنىڭ قىزلىرىغا بولغان مۇئامىلىسى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپلىق مۇتالىئە قىلىپتۇ. باش ۋەزىرنى چاقىرتىپ جەڭگە تەييارلىنىش كېرەكلىكى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. باش ۋەزىر چىقىپ تۇرۇشىغا، خارجى ئىشلار ۋەزىرى كىرىپ كەپتۇ. ئۇ يەر ئۆپۈپ پادىشاھقا قوللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— سەلتەنەتلىك شاھىم، جانابلىرى مې-
نىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلۇپ، ماھىنىبانۇغا
ئۆيلەندىلە. ئۇ، ھەزرەتلىرىنى ئۈچ ئوردى-
دىكىلەردىن جۇدا قىلدى. ئۇلارنىڭ دەردىدە
ئۆزلىرى تۈگىشىپ كېتىۋاتىدىلا. مەن بۇ
ئالۋاستىنى ئالىيلىرىغا سايە قىلمىغان ۋە
ئېلىپ كەلمىگەن بولسام ئۈچ يۈرەك پارى-
لىرى قازا تاپمايتتى، كۆز نۇرلىرى ئۆچ-
مەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدە مېنىڭ كال-
لام دەرەخكە مىقلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق
سىلى ئۇنداق قىلمىدىلا. ئەمدى مەن جانغا
جان، قانغا قان ئېلىش ئارقىلىق بۇ گۇنا-
ھىمنى يۇيۇش قارارىغا كەلدىم. ماڭا ھې-
لىقى ئەزرائىلنىڭ كىيىمى — قارا لىباسنى
بەرگەيلا. مەنمۇ ماھىنىبانۇنى ئۇنىڭ ئۆز
يولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، مەلىكىلەر-
نىڭ، كېنىزەكلەرنىڭ، شەيخ ھەزرەتنىڭ
ئىنتىقامىنى ئېلىپ پۇخادىن چىققايمەن.
شۇنداق قىلىپ بېشىمىزغا بالا بولىدىغان
بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلغايمىز، — دەپتۇ. پادى-
شاھ ماقۇل بوپتۇ. خارجى ئىشلار ۋەزىرى قا-
را كىيىمنى ئېلىپ، ماھىنىبانۇنىڭ شەھىرىگە
قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇ تۈزۈن يوللارنى بې-
سىپ ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. ھەر ئېھتىمالغا
قارشى مۇلك شاھنىڭ جازا لەشكەرلىرىگە
ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن چەت - ياقا
يوللار بىلەن مېڭىپ ئاخىر ماھىنىبانۇنىڭ
شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ پايتەختكە كىر-
گەندە مۇلك شاھنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى
لەشكەرلىرى سالىھ شاھقا قارشى يۈرۈش قى-
لىش ئالدىدا تۇرغان ئىكەن. مۇلك شاھ
ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانلا تونۇشىدىغانلىقى،
بولۇپمۇ ئۇنىڭ خارجى ئىشلار ۋەزىرى ئى-
كەنلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ مۇشۇنداق
جىددىي ۋاقىتتا بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىكى
سەۋەبىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئۇنى دەرھال قوبۇل
قىپتۇ. بۇ ۋەزىر مۇلك شاھقا مۇنداق دەپتۇ:
— مۇلك شاھ ئالىيلىرى، پېقىر ئىلگىرى
ھەزرەتلىرىنىڭ، كېيىن خانىشىمىز ماھىنىبا-
نۇنىڭ كۆپ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولدۇم.
خانىش شەھىرىمىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن مەھرۇم بول-
دۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالىھ شاھنىڭ مېنى:
«ماھىنىبانۇغا سادىق» دەپ ئەيىبلىشىگە
ئۇچرىدىم. ئۇ مېنى ئۆز كۆزىگە سانجىلغان
«تىكەن» دەپ قارىدى. شۇ تۈپەيلى ئۇ يەر-
دىكى ۋەزىرلىكتىن جانابلىرىنىڭ بىر قۇلى
بولۇشنى ئەۋزەل بىلىپ، قول ئاستىلىرىدا
چاكارلىق قىلىش ئۈچۈن پاناھ تارتىپ كەل-
دىم.

— ناھايىتى ياخشى، سىز مەندىن نېمە
تەلەپ قىلىسىز؟

— ئەي شاھى ئالەم، مېنىڭ مۇددىئايىم
شاھزادىمىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆرپ —
ئادىتى ۋە جاھان قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ شاھ-
لىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش. مېنى شاھزا-
دىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە قويۇشلىرىنى
تەلەپ قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ۋەزىر. مۇلك شاھ بۇ ۋەزىرنىڭ ئەقىدىسى-
دىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ماھىنىبانۇ قەس-
رىنىڭ يېنىدىكى بىر قەسىرگە ئورۇن-
لاشتۇرۇپتۇ. جەڭ توغرىسىدىكى سىرنى ھا-
زىرچە مەخپىي تۇتۇپتۇ. ۋەزىر شۇ كۈنى
يەنە ماھىنىبانۇنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە
مۇيەسسەر بوپتۇ. ماھىنىبانۇمۇ بۇ ۋەزىرنى
كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولۇپتۇ. شۇ كېچىسى
بۇ ۋەزىر قارا لىباسنى كىيىپ ماھىنىبانۇ-
نىڭ ھوجرىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئوردا قورۇ-
سىغا چىقىپتۇ. قارىسا، ھەر 100 قەدەمدە

بىر پانۇس ئۆۋرۈكى بولۇپ، پانۇسلار ئەتراپىنى خىرە يورۇتۇپ تۇرغان، ئىككىكى ياساۋۇل گۈزەتچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. ۋەزىر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. بەدھەيۋەت مەخلۇققا ئۇچرىغان ياساۋۇللار شۇجايىدىلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ۋەزىر ئۇلارنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكىگە بىر چىمدىمدىن بېھۇش دورىسىنى سېلىپ قويۇپ، ماھىنبانۇنىڭ قەسىرىگە كىرىپ ئۇنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. بىر كېنىزەك چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئەمما ئىشىكنى ئېچىپتۇ - يۇ، چىرردىدا بىر چىرقىراپ تۇرغان جايىغا يىقىلىپتۇ. بۇ چىرقىراشتىن ماھىنبانۇمۇ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن قوپقىچە ئىشىك «تاق» قىلىپ يېپىلىپ، ماھىنبانۇنىڭ ئالدىدا بىر «جىن» پەيدا بولۇپتۇ. ماھىنبانۇ ئۆز قولى بىلەن ياسىغان بۇ جىن سۈرەتلىك كىيىمنى تونۇپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپمۇ كەتمەپتۇ. ئۇ بۇ كىيىمنىڭ ئىچىدە چوقۇم بۆگۈن كەلگەن ۋەزىر بار دېگەننى جەزم قىلىپ:

— ھەي ۋەزىر، سەن نېمە قىلماقچى؟ — دەپتۇ.

— قىساسنى قايتۇرىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نىقابلىق كىشى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئېلىشىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر ماھىنبانۇنىڭ ئۈستۈن ئەلىمىي ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە پۇختا تەييارلىق كۆرگەن ئىكەن. ئۇزۇن ئېلىشىش ئارقىلىق ۋەزىر ماھىنبانۇنى يىقىتىپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئىشىنى تۈگىتىپ سىرتقا چىققاندا، باشقا گۈزەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قارا كىيىمنى يېشىۋەتمەي چىقىپتۇ. شۇ چاغدا بايىقى ھوشىدىن كەتكەن گۈزەتكۈچىلەر ياتقان جايىدا تۇرغۇن گۈزەتچىلەر تېپىلىشىپ قالغان ئىكەن. ۋەزىر ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. بۇنداق قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغان گۈزەتچىلەر نېمە قىلاردىنى بىلمەي «ۋاي جىن! ۋاي ئالۋاستى» دېيىشىپ، خۇددى شىر - يولۋاسلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قاچقان توپ - توپ بۇغا - ماراللاردەك گۈر - گۈر قىلىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، تىررىقتەك چېچىلىپ پىتىرىشىپ كېتىپتۇ. ئوردا ئىچىنى مالىمانچىلىق قاپلاپتۇ. قارا كىيىملىك بۇ شاياتۇن ئۇ ياندىن بۇ يانغا شامالدەك غۇيۇلداپ چېپىپ يۈرۈپ بىر دەمدە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. «جىن»نى ئاختۇرۇش باشلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ «مەلىكە ماھىنبانۇنى جىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ.

ئەلقىسسە، مۇلك شاھ قىزىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالا - تۇپىلاڭچىلىق ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغان بولسىمۇ، بىر ھازادىن كېيىن كۈيئوغلى تەرەپتىن كەلگەن ھېلىقى ۋەزىر يادىغا كېلىپ، قىزىنىڭ ئۆلۈمىنى شۇنىڭدىن كۆرۈپتۇ - دە، بىر ۋەزىرنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. چاقىرغىلى بارغان ۋەزىر ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى خېلى ئۇزۇن قاققاندىن كېيىن ئۇ چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

— نېمىشقا شۇنچە تاقىلداتساممۇ ئىشىكنى ئاچمايسىز؟ — دەپتۇ چاقىرغىلى كەلگەن ۋەزىر جىلى بولۇپ.

— ۋەزىر جانابلىرى، «يول ئازابى گۆر ئازابى» دېگەن گەپ راست ئىكەن. ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەچكە، مەن قاتتىق ئۇخلاپ قاپتىمەن، ھەزرەتلىرىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، مائاپ قىلغايلا، — دەپتۇ سالىھ شاھنىڭ ۋەزىرى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى سىزنى «دەرھال كەلسۇن» دېدى، — دەپتۇ. سالىھ شاھنىڭ ۋەزىرى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇلك شاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ.

— بۇ ئويۇننى سەن ئوينىدىڭمۇ؟! دەپ قارا كىيىمنى سالىھ شاھنىڭ ۋەزىرىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ مۇلك شاھ. ئۇ ۋەزىر ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەتتە:

— ئەي شاھىم، مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتىمەن، — دەپتۇ.

مۇلك شاھنىڭ ئىما - ئىشارەت قىلىشى بىلەن بىر ۋەزىر ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سالىھ شاھنىڭ ۋەزىرى ئۆزىنى - ئۆزى كاچاتلاپ: «ئىست خانىشىمىز، مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا كەلگەن ئىدىمەي، شاھزادىمىزنى سىز كۈتكەندەك تەربىيلەپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تەختكە چىقارماقچىدىمەي...» دەپ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— بەس! — دەپتۇ مۇلك شاھ زەردە بىلەن تەختنىڭ يان يۆلەنچۈكىگە پاققىدا بىرنى ئۇرۇپ ۋە، — تولا مەككارلىق قىلما! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— كەرەملىك شاھى ئالەم، بۇ ھادىسىنىڭ مەن كەلگەن كۈننىڭ مۇشۇ كېچىسىدە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەندىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكلىرىگە گەپ سىغمايدۇ. بىراق مەلىكىگە قەست قىلغۇچى مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى ئۆز گۇناھىدىن ساقىت بولىدىغان قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلاپ باققايلا، — دەپتۇ سالىھ شاھنىڭ ۋەزىرى. ئاندىن قارا كىيىمگە قاراپ، — شاھىم، مەن بۇ كىيىمنى دۆلىتىمىزنىڭ پادىشاھ جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقىدا كۆرگەن ئىدىم، مۇمكىن بولسا سىلىم باتۇر بىلەن ھېلىم باتۇر بىر نېمە دەپ باقسا، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. بۇ ئىككى باتۇرمۇ شۇ يەردە ئاكا بىر - ئەشرەپلەر قاتارىدا تۇرغان ئىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كېتىپتۇ.

— بۇ قارا كىيىم سىلەرنىڭمۇ، سىلەر مۇشۇ كىيىم بىلەن قىزىمنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈردۈڭلەرمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ مۇلك شاھ ئىككى باتۇردىن.

ئىككى باتۇر تەمتىرەپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاتىللىقتا ئەيىبلىنىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئالاقزادە بولغان ھالدا:

—شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە ئېيتايلى، — دېيىشىپتۇ تەڭلا. پادىشاھمۇ، شۇ يەردە تۇرغان ۋەزىر - ئەمرالارمۇ، سەركەردىلەرمۇ ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ قاپتۇ.

— كەچتىم، سۆزلەڭلار، — دەپتۇ شاھ.


ئىككى باتۇر ئۆزلىرىنىڭ ماھىنىبانۇنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ كىيىمنى ماھىنىبانۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن ياسىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ مۇشۇ كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ ئالدى بىلەن سالىھ شاھنىڭ چوڭ قىزىنى قورقۇتۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالغانلىقىنى، كېيىن ئۆزلىرى چاقىرتىپ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ۋە بۇ كىيىمنى بېرىپ نېمە دەپ بۇيرىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شۇ پەرمانغا مۇۋاپىق مۇشۇ كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ قەبرىستانلىقتا سالىھ شاھنىڭ ئىككى قىزىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى كېنىزەكىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن سىرت، مازارنىڭ شەيخىنىمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن ئاخىرەت سەپىرىگە جابدۇپ قويغانلىقلىرىنى، قىسقىسى، ماھىنىبانۇنىڭ سۆز، ھەرىكىتى ۋە قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن ئۆزلىرى بىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن سالىھ شاھنىڭ خارجى ئىشلار

ۋەزىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ـ بۇ ۋەزىر جانابلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزى ھېلىلا ئېيتقاندەك بۇ قاتىللىق جىنايىتىدىن مۇستەسنا دېيىشكىمۇ ئاساسىمىز بار. چۈنكى بۇ ۋەزىر سالىھ شاھنى ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلغان، ماھىنبانۇنى ئۇنىڭغا سايە قىلغان ۋە ماھىنبانۇنى ئۆزى ئاشۇ مەملىكەتكە ئېلىپ بارغان ، سالىھ شاھ ماھىنبانۇدىن ياخشىلىق كۆرمىگەندىن كېيىن بۇ ۋەزىرگىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەن، شۇڭا بۇ ۋەزىر ئۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. سالىھ شاھ جەمەتىدىن بىرەرى ئەلۋەتتە ماھىنبانۇدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپ مەملىكىتىمىزگە كەلگەن. ئىنتىقام ئېلىشقا كەلگەن ئاشۇ كىشىنىڭ بەختىگە يارىشا بۇ ۋەزىر جانابلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ـ دە، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە ئىشنى تۈگىتىپ گۇناھنى بۇ بىچارە ۋەزىرگە ئارتىپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولغان. بىزنىڭ بۇ پەرەزلىرىمىز ئورۇنلۇقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ مۇلاھىزە قىلىپ باقايلا، ـ دېيىشىپتۇ باتۇرلار.

ماھىنبانۇمۇ بۇ ۋەزىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇنىڭ: «مەن سالىھ شاھتىن يۈز ئۆرۈدۈم، قاچتىم، سالىھ شاھ مېنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە پەرەز قىلالايدۇ. شۇڭا مېنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتىشى چوقۇم. مەن بۇنى ئويلاپ چوڭ يول بىلەن ئەمەس، ياقا يوللار بىلەن ئاران يېتىپ كەلدىم...» دېگەنلىكىنى مۇلك شاھقا مەلۇم قىلغان ئىكەن. مۇلك شاھ بۇ گەپنىمۇ باتۇرلارنىڭ پەرەزىنى توغرا دەپ دەلىللەيدىغان بىر ئاساس دەپ بىلىپتۇ. ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋال ئايان بوپتۇ. ئۇ «ئەلقىساسى مىنەلھەق» دەپتۇ ـ دە، سېلىم باتۇر بىلەن ھېلىم باتۇرغا سالىھ شاھ مەملىكىتىگە جازا يۈرۈشى قىلغان لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھازىرلا يولغا چىقىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ئۇ، قىزىنىڭ سالىھ شاھقا سادىق بولمىغانلىقىنى، ئۇ دۆلەتتە ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنىمۇ چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ماتەم قايغۇسىدا ماھىنبانۇنىڭ داغدۇغىسىز يولغا سېلىپ قويۇلغانلىقىنى، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ «قىزىڭىز دۆلىتىمىزدە چىداپ تۇرغۇسىز ئەسكىلىكلەرنى قىلدى، مېنى قىزلىرىمدىن جۇدا ئەيلىدى. لېكىن مەن ئۇ قىلغاننى قىلمىدىم، قىزىڭىزنى ساق ـ سالامەت ھوزۇرىڭىزغا ئەۋەتتىم...» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزىدىن نەپرەتلىنىپتۇ. سالىھ شاھقا يەنە ئېچىنىپتۇ. ئۇ:

ـ مەن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلىمايلا «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك سالىھ شاھ بىلەن دۈشمەنلىشىپ قېلىشتەك خاتا يولنى تۇتۇپتىمەن. ئارىنى بۇزىدىغانلار ماھىنبانۇدەك «جىن ـ ئالۋاستى»لار مۇشۇنداق قارىنىدا شەيتان قۇترايدىغانلا يوقتىلىسىلا پادىشاھلار بىلەن پادىشاھلار، پۇقرالار بىلەن پۇقرالار قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خۇددى بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلاردەك ئۆتەلەيدۇ، ـ دەپتۇ ۋە باش ۋەزىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سالىھ شاھتىن ھال سوراش ۋە ئۇنىڭ قىزلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپتۇ. سالىھ شاھنىڭ خارجى ئىشلار ۋەزىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سائادەتخان روزى
قەلەمگە ئالغۇچى: نەجمىددىن سىددىق




## ھېكمەتلەر

ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى ساۋابتا شۇ ياخشى ئىشقىلغۇچى بىلەن باراۋەردۇر.

* * *

ھۆكۈمالار ئېيتقانكى: «مۇشەققەت تارتماق ئۇلۇغلۇق تاپماقنىڭ ۋاسىتىسىدۇر». تىرىشىش تەلەپكار كىشىنى بەخت مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ، جەددى جەھەت باياۋانىنى كەزمەك مەقسەت جامالىنى كۆرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. مۇشەققەت تۇلپارىغا مىنمەي تۇرۇپ مەنپەئەت ھوسۇلىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

* * *

رەنج ـ مۇشەققەتكە چىدام بەرمەي تۇرۇپ، زەر ـ گۆھەر خەزىنىسىگە يەتمەك مۇمكىن ئەمەس ۋە تىكەن جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپ، گۈلزار تاماشاسى قىلماق ئاسانغا چۈشمەس.

* * *

ئۇلۇغلۇقنىڭ دەسمايىسى ئەقىل ۋە ئەدەبتۇر.

* * *

جاپادىن قېچىش مۇھتاجلىق ۋە خارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى. جاپا ـ مۇشەققەت بولسا دۆلەت ۋە ئىززەتنىڭ نىشانىسى.

* * *

ھەر قانداق كىشىنىڭ ھىممىتى پەقەت ئۆز نەپسى ئۈچۈنلا بولسا، ئۇ تۆت پۇتلۇق ھايۋان قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇلار خۇددى ئاچ ئىت بىر پارچە سۆڭەك بىلەن شاد بولغىنىدەك ۋە ئوغرى مۈشۈك بىر بۇردا نان بىلەن خۇشال بولغىنىدەك بىر ئىش.

* * *

كۆپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى بىلەن ئۆزى ھالاك بولىدۇ.

* * *

ھەر قانداق كىشى ھۈنەر ـ قابىلىيەتسىز ۋە ئىش بىلمەيدىغان بولسا، ئۇنى پازىل ئەرەنلەر ۋە كامال كىشىلەردىن ئارتۇق كۆرمەسلىك كېرەك. ئەقىللىق ۋە دانىشمەن كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مەنسەپنى بىئەقىل كىشىلەرگە بەرمەك، خۇددى سەللىنى پۇتىغا ئورىغانىدەك ۋە ئۆتۈكنى بېشىغا كىيگەنىدەك بىر ئىش.

* * *

بەتقىلىق پەسلەر ئۆزلىرى تاما قىلىدىغان مەرتىۋىسىنى تاپقىچە ئاردىلىقتا، دوست-



ۋە بىر نىيەتتە بولىدۇ. ئەمما مەقسىتى ھاسىل بولغاندىن كېيىنلا دوستلۇقىنى تاشلاپ، ئۆز ھالىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە يېتىشنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ. بۇزرۇكلار: «ئەسلى پەس ئەخمەق كىشىلەر تاما ياكى قورقۇنچ بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۈمىدى ھاسىل بولۇپ، مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلسا، كۆپرانى نېمەتلىك ۋە پىتنىخورلۇق ئوتىنى ياندۇرىدۇ. ئەگەر قورقۇنچتىن قۇتۇلسا، تەرەپدارلىق چەشمىسىنىڭ سۈيىنى لېيىتىدۇ» دېيىشكەن.

* * *

ئېغىزدىن چىققان سۆز ئوزنىدىن چاچرىغان كۆزدۇر. سوزنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك كۆزنىمۇ ئورنىغا سالغىلى بولمايدۇ.

* * *

مەخپىي گۇمان بىلەن يېقىن كىشىلەرنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلىمايلا ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى زايا قىلىش ئۆز پۇتىغا ئۆزى كەكە چاپقانلىق ۋە مۇرۇۋۋەت ھەم دىيانەت يولىنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ.

* * *

بۇ جاھاندا ئالتە نەرسىنىڭ ئالتە نەرسىسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس: دۇنيانىڭ مېلى ھەربىكەتسىز بولمايدۇ. خوتۇنلار بىلەن بىللە بولماق بالاسىز بولمايدۇ. يامانلارغا قوشۇلماق نادامەتسىز بولمايدۇ. بېخىلدىن تاما قىلماق خارلىقسىز بولمايدۇ. پادشاھقا مۇلازىم بولماق ئاپەتسىز بولمايدۇ.

* * *

يامانلار سۆھبىتىنىڭ شۇملۇقىدىن ياخشىلارنىڭ ھەققىدىمۇ بەتگۇمانلىق پەيدا بولىدۇ. يالغاننى تولا ئاڭلاۋەرسەمۇ راستلىقنىڭ يۈزى يېپىلىدۇ.

* * *

ئەگەر قانائەت تىغى بىلەن ھېرس زەنجىرىنى ئۈزمىسەڭ، ئاقىۋەت نادامەت تىغى بىلەن بېشىڭ كېسىلىدۇ ۋە ئاخىرى خارلىق تۈپرىقىدا قالىسەن. ھەر قانداق باشتا ئەگەر تاما سەۋداسى بولسا، ئاخىرى خارلىق ۋە بىئېتىبارلىق دەرىجىسىگە چۈشىدۇ. كۆپ كىشىلەر ھېرس بىلەن دۆلەت ئۈمىدىدە پالاكەتكە قالغان ۋە مەنپەئەتنى تىلەپ خارلىقنى تاپقان.

* * *

بۇ جاھاندىكى ئالەم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە خۇي-پەيلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، دەيدۇ قىلىدۇ، بۇ تىرىكچىلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ قائىدىسىدۇر. ئىككىنچىسى، دېمەيدۇ قىلىدۇ، بۇ مەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۈچىنچىسى، دەيدۇ قىلمايدۇ، بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر. تۆتىنچىسى، دېمەيدۇ قىلمايدۇ، بۇ بېخىل ۋە ھىممىتى پەسلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

* * *

ئەمەلگە ئاشمىغان سۆز خۇددى شاخ-يوپۇرماقسىز دەرەخكە ئوخشاش، ئوتۇن قىلىپ كۆيدۈرۈشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. ئەمەلنىڭ نىشانىسى بولمىغان ئىلىم جېنى يوق – جەسەتتۇر. ئۇلۇغلار ئېيتقانكى: «ئەمەلسىز سۆزدىن، جەۋرىلىك مالدىن، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن، رىئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقسىز تىرىكلىكتىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ.»

* * *

ئەخمەقنىڭ ئالامىتى بەش تۈرلۈك بولىدۇ، يەنى ئۆز پايدىسىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالۇر، رىيازەت چەكمەي تۇرۇپ ساۋابىنى تاما قىلۇر، بەتخۇيلۇق بىلەن خوتۇنلارغا ئاشىق بولۇر، راھەت بىلەن ئىلىم بىلمەكنى ئارزۇ قىلۇر، بىۋاپالىق ۋە رىئايە قىلماسلىق بىلەن بىر كىمدىن دوستلۇق ئۈمىد قىلۇر.

* * *

ھىيلىنىڭ ئاخىرى گىرىپتارلىقتۇر ۋە مىكىرنىڭ ئاخىرى خاكسارلىقتۇر.

* * *

ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ۋە دوستلۇق پىتنىخورلارنىڭ يامان ئەندىشىلىك سۆزلىرى ئارىغا كىرمەستە ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر كۆڭلى ئەگرى بۇزۇقلارنىڭ سوغۇق نەپەسلىرى ئارىدىكى ئۇلپەت يېقىنلىقىنى يوقاتسا يېڭىباشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىغا ئىسسىق ئۆتتۇشى بەكمۇ مۇشكۇلدۇر.

* * *

سۆھبەت ۋە مۇھەببەت بۇلىقىنىڭ سۈيى تاكى كەپ توشۇغۇچى پىتنىخورلارغا ئارىدا يول بەرمىگەنگە قەدەر ساپ ھالدا تۇرىدۇ. قاچانكى خاكسار پۇرسەت تېپىپ پىتنە - پاسات تۇپرىقى بىلەن لېيىتىۋەتسە، قايتىدىن غۇبار كۆتۈرۈلۈپ، دوستلۇق پەيدا بولۇشىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

* * *

ھۈنەرۋەن - قابىلىيەتلىك كىشىلەر زامانىنىڭ ناز داستىخىنىدىن جاپا ۋە مېھنەت نانلىرىنى كۆتۈرۈپ خارلىقتا قالىدىغان، ھۈنەر - قابىلىيەتسىز كىشىلەر ئۇنىڭچە كىمىز پايدا - مەنپەئەتىنى كۆرۈپ زەللە ئالىدىغان ئىش ئىككى يۈزلىمە ھاياتنىڭ ئادىتىدۇر.

* * *

غەيرىي كىشىلەردىن پەندى - نەسىھەت ۋە تەجرىبە ئالالىغان كىشى سائادەتمەن كىشىدۇر. باشقىلارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئىشلىرىنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بەھرى ئالالىغان، پايدا يەتكەن ئىشنى قىلىپ، زىيان يەتكەن ئىشنى تاشلىيالىغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

* * *

كىشىگە ھەر قانداق خارلىق كەلسە تاما سەۋەبىدىن كېلىدۇ. تاما قىلغان كىشى خار بولىدۇ. شۇڭا قانائەتتىن ئىززەت، تامادىن خارلىق كېلىدۇ.

* * *

تاما بارلىق جاپا ۋە بالالارنىڭ بېشى.

چۈنكى قۇش تاما دېنىنى چوقۇمىسا بويىنى تۇزاق ھالقىسىغا چۈشمەيدۇ. ھەر كىم تاما كەمىرىنى باغلىمىسا، ئىززەت لىباسىنى خارلىق بالاسىغا تېگىشمەيدۇ. ھەر بىر ئەزىز كىشى تاما يولىغا كىرىپ قالسا، تاما تۇپرىقىدىن خارلىق غۇبارى ئۇنىڭ يۈزىگە ئولتۇرىدۇ - دە، ئەتىۋارلىق تارازىسىدا ئۇ ئەزىزنىڭ قەدىرى يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ.

* * *

كىشىلەرنىڭ شان - شەرىپى مالىدىن ئەمەس، كامالەتكە يېتىشتىن كېلىدۇ. ئىلىم ۋە ھۈنەردە كامال تاپقان كىشى پۇلسىز بولسىمۇ، ھەمىشە ئەزىز بولىدۇ. بۇ خۇددى شىر زەنجىردە باغلاقلىق بولسىمۇ، ھەيۋىتى كېمىيىپ كەتمىگەنىدەك بىر ئىش. ھۈنەرسىز ئادەم گەرچە زەردار بولسىمۇ، خار ۋە قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئىت ھەرقانچە توق بولسىمۇ ۋە ئېسىل زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن جابدۇپ قويۇلسىمۇ يەنىلا خار ۋە بىئېتىبار بولغانىدەك بىر ئىش.

* * *

ئەقىللىق كىشى ھەر قانداق يەرگە بارسا، ئۆز ئەقلى بىلەن دوست ۋە يار - يۆلەك تاپىدۇ. جاھىل كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىمۇ غېرىب ۋە يات بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

* * *

بەدەنگە قادالغان ئوقنى تارتىۋېلىش مۇمكىن ۋە لېكىن ئەگرى تىل ياسىدىن كۆڭۈلگە تەككەن ئوقنى چىقارغىلى بولمايدۇ. ھەر قانداق زەھەرلىك نەرسىنى باشقا بىر نەرسە توسالايدۇ. ئوت سۇ بىلەن ئۆچىدۇ. زەھەرنى تەرياق باسىدۇ. ئەمما كىنە - ئاداۋەت ئاغرىقى ھېچقانداق دورا بىلەنمۇ شىپا تاپالمايدۇ.

* * *

جاھاندا ھەسەتتىن چوڭراق رەنج يوق. چۈنكى ھەسەتخور كىشى خالايىقنىڭ خۇشاللىقىدىن غەمگە پاتىدۇ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن ئۆزىگە جاپا تاپىدۇ.

* * *

ھەر كىشى ئۆز ئىشلىرىدا ئىختىيار ئىزگىنىنى ئالدىراڭغۇلۇق ئىلكىگە بەرسە، چوقۇم پۇشايمانغا قالىدۇ ۋە ھېسابسىز ئۆكۈنسىمۇ قىلغان ھەسرىتى ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

* * *

ھۆكۈمالار ئېيتقانكى: «تەكەببۇر كىشى ياخشى ئاتانماقتىن، بەتخۇي ئادەم دوستى كۆپ بولۇشتىن، بىئەدەب كىشى يۇقىرى مەرتىۋە تېپىشتىن، بېخىل ياخشى بولماقتىن، ھېرىسلىق قىلغۇچى بىگۇناھلىقتىن تاما قىلماسلىقى كېرەك.»

* * *

چىرايى سەترەك بولسىمۇ، خانىماننى روناق تاپتۇرالايدىغان ۋە مېھرىبان يار بولغان خوتۇن ئەڭ گۈزەل خوتۇندۇر.

* * *

نەزىرى پاك كىشى ئەگەر بىر كىمدىن ياخشىلىق كۆرسە، ئىخلاس مەيدانىغا قەدەم قويۇپ، دوستلۇق ئېلىمىنى ئاسمان ئەۋجىگە كۆتۈرۈشى ۋە مۇرۇۋۋەت كۆچىتىنى داۋاملىق راستچىللىق ئېقىنىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىشى، ئەگەر كۆڭلىگە ئەندىشە داغدۇغىسى چۈشسە ئۇنى دەرھال ئۇنتۇشى ۋە خىيالىغا كەلتۈرمەسلىكى كېرەك. بىلمەك كېرەككى، بىۋاپالىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇق ۋە خارلىقتۇر. يالغان قەسەم قىلماق ئۆمۈرنىڭ راۋاجىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە ۋەدىگە تۇرماسلىق تىرىكلىكنىڭ ئىمارىتىنى يىقىتىدۇ.

* * *

ھەر قانداق كىشى سەۋەبى ئوچۇق - ئاشكارا بولماي تۇرۇپ دوستلىرىدىن ئاغرىنسا، ئۇ كىشى ھۆكۈمالار ھەمسۆھبەت بولۇشتىن پەرھىز قىلىشنى بۇيرۇغان سەككىز خىل كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ياخشىلىق ھەققىنى بىلمەيدىغان ۋە ياخشىلىق قىلغانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدىغانلار؛ ئىككىنچىسى، سەۋەبسىز ئاچچىقى كېلىدىغان، غەزىپى ياۋاشلىقىنى بېسىپ چۈشىدىغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى جەزملەشتۈرىدىغان، لېكىن ئۆزى خەلقنىڭ ھەققى ۋە ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدىغانلار؛ تۆتىنچىسى، ئۆز ئىشىنىڭ بىناسىنى ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىق ئاساسىغا قۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەلنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدە سەل چاغلايدىغانلار؛ بەشىنچىسى، سۆزلەشكە ئامراق، لېكىن راست سۆزلەشتىن قاچىدىغانلار؛ ئالتىنچىسى، شەھۋەت مەيدانىدا نەپسى ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن. ھاۋايى ھەۋەسنى مەقسەت قىبلىسى ۋە مۇراد كەئبىسى دەپ تونۇيدىغانلار؛ يەتتىنچىسى، شەرم - ھايا يوق، بىئەدەپ بولغانلار؛ سەككىزىنچىسى، كىشىلەر ھەققىدە بىسەۋەب بەتگۇمان بولىدىغان، دەلىل - ئىسپات بولمىسىمۇ ياخشىلارنى تۆھمەت زىدىنى قىلغانلار. ھۆكۈمالار يەنە مۇنداق سەككىز خىل كىشىنىڭ سۆھبىتىنى، ئۇلپەتچىلىكىنى غەنىمەت بىلمەك كېرەك دېيىشكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ھەر دائىم كۆرگەن ياخشىلىقلىرىغا شۈكرى قىلىپ يۈرۈيدىغان، ياخشىلىق ھەققىنى تونۇيدىغانلار؛ ئىككىنچىسى، روزىغارنىڭ ھادىسىلىرىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ مۇھەببەت رىشتىسى ئۈزۈلمەيدىغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزىنى تەربىيەت قىلغان ۋە ئىززەت قىلغانلارغا ھۆرمەت قىلماقنى ۋاجىب دەپ بىلگەن، سۆزى ۋە ئىشى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قايتۇرۇشنىڭ كويىدا بولغانلار؛ تۆتىنچىسى، مەككارلىق ۋە بەتقىلىقتىن يىراق بولغانلار؛ بەشىنچىسى، غەزىپى كەلگەن چاغدا

(ئاخىرى 74 - بەتتە)

## مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدىكى رەسىم ئۈچۈن:



سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قۇتقۇزۇۋالغان دۇنياغا مەشھۇر ماي بوياق رەسىملەر

ئۈشمگجى

1945-يىلى 2-جاھان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەڭداشسىز زور قۇدرەت بىلەن گېتلېر گېرمانىيىسىگە شىددەتلىك قايتارما زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يامغۇردەك يېغىۋاتقان توپ ئوقلىرىغا قارىماي تاش كولانغان ئازغاللاردىن، كان قۇدۇقلىرىدىن ۋە چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن، قالايمىقان، نەم ھەم خارابلىشىپ قارىغىسىز بولۇپ كەتكەن بالىخانىلاردىن دىرىزىدىن رەسىم كۆرگەزمىخانىسىغا مەنسۇپ بىر تۈركۈم دۇنياغا مەشھۇر قىممەتلىك ماي بوياق رەسىملەرنى قۇتقۇزۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا موسكۋاغا ئېلىپ بارغان ھەم ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن ساقلىغان. بۇ بىر تۈركۈم داڭلىق رەسىملەر جەمئىي 750 پارچە بولۇپ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەرىكىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مەردلىكى ۋە پىداكارلىقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئىككى دۆلەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. مەردلىك بىلەن قىلىنغان بۇ ھەرىكەت گېرمانىيە خەلقىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇرۇپلا قالماي،



پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقىنىمۇ خۇشال قىلغان.

ئۆتكەنكى بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا، درېزدېن رەسىم كۆرگەزمىخانىسى ئىزچىل تۈردە دۇنيانىڭ رەسىمچىلىك مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان خەزىنە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭدا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، شىۋېتسارىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشىغان مەشھۇر رەسساملارنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى يىغىپ ساقلىناتتى. بۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا ئىتالىيىدىكى ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدە ئۆتكەن سەنئەت پېشىۋاسى رافائىلنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولغان «سىستېپىندىكى بۈۋى مەريەم»، ۋېنتسىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پېشىۋاسى گېئورگىئوننىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «ئۇيقۇدىكى ۋېناس»، تىتسياننىڭ «بۈۋى مەريەم ھەم ئۇنىڭ تۆت مۇلازىمى»، تىنتورېتتونىڭ «ئاسماننىڭ قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىشى»، «مالائىكىلەر بىلەن شەيتاننىڭ ئېلىشىشى»، ۋېرونىسىنىڭ «بۈۋى مەريەم ۋە كۆچمەنلەر جەمەتى»، نىدېرلاندىيىلىك پېشىۋا ئۇستاز ۋ. ئېيكىنىڭ «بۈۋى مەريەم ئوغلى بىلەن چېركاۋدا»؛ گېرمانىيىلىك پېشىۋا ئۇستاز دېيورېرنىڭ «ياشلار سۈرىتى»، كىچىك ھېربايىننىڭ «ھارلىميا مورېتانىڭ سۈرىتى» ھەم 17-ئەسىردە ئۆتكەن فلاندېرىيىلىك (ھازىرقى بېلگىيە) سەنئەت پېشىۋاسى روبېنسنىڭ «ۋېلساۋدىيا» ۋە «شىر ئوۋلاش»، ۋ. داكىنىڭ «مەست پالۋان»، 17-ئەسىردىكى گوللاندىيىلىك پېشىۋا ئۇستاز رېمبراندتنىڭ «ساسكىيانى قۇچاقلاپ تۇرغان رەسسامنىڭ ئۆزىنى سىزىشى»، فرېمانىنىڭ «خەت كۆرۈۋاتقان مەسۇم قىز» ۋە ۋدراسكوۋدىنىڭ «ئەركەك سۈرىتى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق، شۇنداقلا ئەڭ تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر رافائىلنىڭ «سىستېپىندىكى بۈۋى مەريەم»ى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەنئەت پېشىۋاسى قوچىقىغا بوۋاق ھالەتتىكى ئېيسۇس (ئەيسا پەيغەمبەرت) نى ئۇتۇپ، يالىڭاياغ تۇرغان بۈۋى مەريەمنى سۈرەتلىگەن بولۇپ، ئۇ كۆككۈش بۇلۇتلار ئۈستىدىن يېنىك دەسسەپ، يېشىل پەردە ئالدىدا پەيدا بولىدۇ ۋە تاماشىبىنلارغا قاراپ كېلىدۇ. شامال ئۇنىڭ ياغلىقى بىلەن كۆڭلىكىنى ئۇچۇرۇپ تۇرىدۇ. سول تەرەپتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنى پاپا سىكستۇس II بولۇپ، ئۇ ئۈستىگە توق سېرىق مەخمەلدىن پوپچە تون ئارتقان، پاپالىق تاجىنى بىر ياققا قويۇپ قويغان، بېشىنى كۆتۈرۈپ بۈۋى مەريەمگە قاراۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىر قولىنى مەيدىسىگە قويۇۋالغان بولسا، يەنە بىر قولى بىلەن ئۆزىنىڭ پاك ساداقىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئاممىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتە زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنى تەرىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا پىداكار ئەۋلىيا ئايال ئۇۋارا، ئۇ بېشىنى بۈۋى مەريەم تەرەپتىن بۇ تەرەپكە بۇرىغان بولۇپ، قولى بىلەن مەيدىسىنى باسقان ھالدا كۆزلىرىنى پەسكە قارىتىپ، تۆۋەندىكى ئىككى پەرىشتىگە قاراپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر بولسا گويا بۇلۇتلار ئارىسىدىن قانداقتۇر كۈتۈلمىگەن بىر قىزىقارلىق نەرسە چۈشۈپ قالىدىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ تولىمۇ شوخلۇق بىلەن ئاسمانغا قارىشىپ تۇرىدۇ. رافائىل بۇ رىۋايەت ئىچىدىن ئۇنىڭ دىنىي نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىنجىلدىكى رىۋايەتنى ئادەتتە ئۇچرايدىغان، تولىمۇ يېقىملىق ۋە خۇشپېئىل ئادەمنىڭ ئوبرازى قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۈۋى مەريەم ئوبرازىدا، ئۇنىڭدىكى سالاپەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئىچىدىن يەنە مۇلايىملىق ۋە خىجىللىق چىقىپ تۇرىدۇ. پاپانىڭ ھالىتىدە بولسا ھەيرانلىقتىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى ۋە سەممىي ساداقىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇۋارانىڭ ئوبرازىدا بولسا كەمتەرلىك، پاكلىق ھەم ئاددىي ئاياللارغا خاس سىپايىلىق،

تەقۋادارلىق ھالىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇۋى مەريەمنىڭ ئايغى ئاستىدىكى كىچىك پەرىشتىلەرنىڭ چىرايىدىن ئۇلارنىڭ غۇبارسىز، گۇدەك ھالىتىنى، غەرەزسىز ئويخىيالىرىنى، ئەستايىدىللىق قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. رافائىل سىزغان بۇ ماي بوياق رەسىمدىكى ئوبرازلار ئۇنىڭدىكى چەكسىز مول، نازۇك ھېسسىياتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى جەھەتتە رەسىمنى قانچە كۆرگەنسېرى ئۇنىڭدىن شۇنچە يېڭى مەنە تاپقىلى بولىدۇ، قانچە كۆرگەنسېرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پۈتمەس-تۈگىمەس گۈزەللىك مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. رافائىلنىڭ «سىستېنىدىكى بۇۋى مەريەم» ئاۋام خەلقنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، يۈكسەك ئانىلىق مۇھەببىتىگە ئىگە، يەنە كېلىپ دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشىغا ئىنتىزار تېپىك ئايال ئوبرازىدۇر.

روبىنىنىڭ «شىر ئوۋلاش» (ژۇرنىلىمىز مۇقاۋىسىنىڭ 4-بېتىگە بېرىلگەن.-مۇھەررىردىن) ئەسىرى گەرچە ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا ئاجايىپ شىددەتلىك ئېلىشىش كۆرۈنۈشى سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ كۈرىشىشىدىن ئىبارەت كەم ئۇچرايدىغان بۇ رەسىم كۆرگەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ ۋە ئەندىكتۇرىدۇ، ئۇنىڭدا چىنلىققا سادىق بولۇشتەك رېئالىزملىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسى ۋە رومانتىزملىق تۇيغۇ، ھاياجان تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈلگەن. پەقەت ئاپتوردا ئۆزى بىۋاسىتە ئارىلاشقان تۇرمۇش تەسىراتى ۋە ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارى بولغاندىلا مانا شۇنداق تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ ۋە مانا شۇنداق جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ 2-جاھان ئۇرۇشىنىڭ مالىمانچىلىقىدىن كېيىن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك كەم ئۇچرايدىغان گۆھەرلىرىدىن ھوزۇرلانغان ئادەملەر سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھىنى مەڭگۈ ئېسىدە تۇتماي تۇرالمايدۇ؛ ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسىنى قوغداش جەھەتتىمۇ چەكسىز ئۇلۇغ تۆھپە ياراتتى.

ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمىسى

---

(بېشى 71- بەتتە)

ئۆزىنى توختىتىۋېلىشقا قادىر بولالايدىغانلار؛ ئالتىنچىسى، ساخاۋەت ئەلىمىنى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن تاما قىلغۇچىلارنىڭ مەقسەتلىرىنى قۇدرىتىنىڭ بارىچە ھاسىل قىلىشىنىڭ پېيىدا يۈرىدىغانلار؛ يەتتىنچىسى، شەرم - ھاياسى بولغان، ياخشىلىق قىلىشنىڭ پېيىغا چۈشكەن، ئەدەب يولىدا يۈرگەنلەر؛ سەككىزىنچىسى، ياخشىلار ۋە پاك كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى ئىستىگەن، پاسىقلاردىن ۋە قىلىقى سەت كىشىلەردىن يىراق بولغانلار.

* * *

ھەر كىشى ئەگەر ئەقىل گۈلزارىدىن بوي ئالغان بولسا، ئازار ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشىنىڭ زەرەردىن باشقا ھوسۇل ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ مەنپەئەت دەرىخىنى تىككەن كىشى راھەت مېۋىسىنى يەيدۇ. بۇ جاھان بىر مۇكاپات يېرىدۇر، ئۇ بىر تاغقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا قانداق ياخشى - يامان سۆز قىلساڭ ئۇنىڭ ئەكس ساداسىدا يەنە شۇنى ئاڭلايسەن.

* * *

بىر كىشى بىر بۇزرۇكۋاردىن: «بارلىق ياخشى خۇلۇقنى كىشىنىڭ يادىدا تۇتۇشى ئەڭ ئاسان بولغان بىر سۆپەتكە يىغىنچاقلاپ بەرسەڭ؟» دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىكەن. ئۇ بۇزرۇك كىشى: «غەزەپنى تەرك ئەتمەك ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئاتىسى، ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئاتىسى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

---

«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: **سائادەت ئابلەت**






ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمىسى

## كۈتۈلمىگەن دەۋا

بۇ شۇنداق ئىللىق ۋە چىرايلىق زاۋال ۋاقتى ئىدىكى، بىر كۈنلۈك سەپىرىدىن چارچىغان قۇياشنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك تۇراتتى. ئولتۇرۇش ئالدىدىكى كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۆگزىلەردە ۋە دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈشۈمگە كاشىلا قىلىپ ئېچىمنى پۇشۇرۇۋاتقان ئاپتاپنى توسۇش ئۈچۈن دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈردۈم. ئەمدى تېلېۋىزوردىكى سۈرەتلەر ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئېكراندا ئىككى ئەر كىشى ئۆيدە ئۆستۈرگەن گۈلگە نېمە چاچسا ئۇ تېخىمۇ ئوبدان ئاينىيدۇ، دېگەندەك بىر ئىش ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىۋاتاتتى.

مەن بۈگۈن تېلېۋىزوردا قانداق ئويۇن



ئومۇرلىرى بېرىلمىدىغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن كېزىتكە قارىدىم. بۈگۈن چېسلاغا نەچچە بولغاندۇ؟ ھە، 6-ئاپرېل؟! بۈگۈن — بىزنىڭ توي قىلغانلىقىمىزنىڭ 15 يىللىق خاتىرە كۈنى ئەمەسمۇ! ھەر قېتىمدا ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمەن، بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش. ھە! خوتۇنۇمنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپ قالدى. مەندە ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويغان سوۋغىمۇ. گۈلمۇ يوق! ئەمدى ئۇ: سېنىڭ مەندىن كۆڭلۈڭ سوۋۇپ قالدى، ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ، دەپ قاقشايدىغان بولىدى-دە ...

ئۆزۈمنى ئاقلاپ نېمىمۇ دەرمەن؟

مەن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ، ئۆيدە ئەختىيارسىز ئۇياق-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم. مەن خوتۇنۇمنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى قانداق قىلسام ئىسپاتلىيالارمەن؟ گۈل سېتىۋالاي دېسەم ئۈلگۈرمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئاتاپ شېئىر يازاي دېسەم، شائىرلىق قولۇمدىن كەلمەيدۇ. پولنى سۈرتۈپ قوياي دېسەم، قولۇم بۇ ئىشقا قولاشمايدۇ. قانداق قىلسام بولار؟ قىسقىسى، بۇ ئىشتا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئاقلاپ ھەر نېمە دېسەممۇ بەرىبىر ئىمدى ... زادى قانداق قىلىش كېرەك، ئەمدى؟

مەن ئۆينىڭ بۇ بۇلۇڭىدىن ئۇ بۇلۇڭىغا مېڭىپلا يۈرەتتىم. ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاش بىلەن تەك سائىتىمگە قاراپ قويغاندىن كېيىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم.

— مەن كەلدىم! — خوتۇنۇم كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆيگە كىردى، — مېنى بەك ساقلاپ كەتكەنسىز-ھە؟ ياكى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇۋەردىڭىزمۇ؟ ... تاماقنى ھازىرلا تەييار قىلىمەن ...

— سەن زادى نەگە باردىڭ؟ — مەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتىم، — نېمىشقا 15 مىنۇت كېچىكتىڭ؟

— بىلەمسىز؟ مەن يولدىن ئۆتكەچ تۇرلۇك ماللارماگىزىنىغا كىرگەچ كەلدىم. ئانىنا ئافاناسيېۋنا ئۇ يەرگە چىرايلىق يازلىق ئاياغ كەپتۇ، دېۋىدى، كىيىپ باقسام، پۇتۇمغا دەل كەلمىدى.

— ھىم! — مەن خوشياقمىغاندەك قىلىپ دىمىقىمنى قېقىپ قويدۇم، — بۇنىڭغا كىم گۇۋاھ بولالايدۇ؟

— ۋاي، نېمە بولدىڭىز؟ — خوتۇنۇم بەكمۇ ھەيران بولدى، — سىز زادى نېمە بولدىڭىز؟ ئاينىپ قالدىڭىزمۇ؟ ياكى «سپارتاك»ىڭىز بۈگۈنكى ئويۇندا يەنە ئۇتتۇرۇپ قويدىمۇ؟

— بۇ ئىشنىڭ «سپارتاك» بىلەن ئالاقىسى يوق، — دېدىم مەن سوغۇق تەئەددىي بىلەن، — ئەگەر بىلگۈڭ كەلسە شۇنى ئېيتىپ قوياي، بۈگۈن ئويۇنغا قەتئىي بارمىدىم. ھېچ چۈشەنمىدىم. سەن زادى نەگە باردىڭ؟

— بايا دېدىمغۇ، ماگىزىنغا باردىم.

— بۇنداق گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— نېمە، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى خوتۇنۇم قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — ئىشەنمىسىڭىز بېرىپ ئانىنا ئافاناسيېۋنادىن سوراپ بېقىڭ.

— نېمە، ئۇمۇ سەن بىلەن بىللىمىدى؟

— ياق، بىراق ئۇ مېنىڭ شۇ يەرگە بارغىنىمنى بىلىدۇ.

— سەن ئۇنىڭغا ئاغزىڭغا كەلگىنىچە بىر نېمىدەپ قويساڭ بولغۇۋېرىدۇ، — مەن سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ رەددىيە بەردىم، — ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەندىكىن، گۇۋاھچى بولالمايدۇ.

— مەن ھېچ چۈشەنمىدىم، — دېدى خوتۇنۇم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — سىز ئەجەب گۇۋاھچى-پۇۋاھچى دەپلا قالدىڭىزغۇ؟

— مېنىڭ سوراۋاتقىنىممۇ دەل مانا شۇ

كەپ! سەن زادى باياتىن نەگە باردىڭ؟ كىم بىلەن بىللە بولدۇڭ؟ بەلكىم كۆڭلۈڭنى ئوبدان ئېچىپمۇ كەلگەنسەن؟ شۇڭا سەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيگە كەچ كېلىدىغان بولۇپ قالدىڭ ...

— نېمە، — دېدى خوتۇنۇم شىۋىرلاپ، — سىز ... سىز مېنى كۈنلەۋاتامسىز؟

— سەن ئويلاپ باقتىڭمۇ - يوق؟ — مەن راستىنلا غەزەپكە كەلگەن ئىدىم، — ئۆيگە ۋاقتىدا قايتمايسەن، ئۇنى ئاز دەپ مېنىمۇ غەپلەتتىلا يۈرسۇن، دەپ ئويلايسەن!

— كۈنلەپسىز - دە! — دەپ تەكرارلىدى خوتۇنۇم، ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ پەسىيىپ كەتتى، — بۇ گەپچىمزە، سىز مېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىكەنسىز - دە. مەن تېخى سىزنى مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن...

ئۇ، يۈزىنى يۈزۈمگە چىڭ يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— رەھمەت سىزگە سۆيۈملۈكۈم ... بۈگۈنكىدەك خاتىرىلىك كۈندە ماڭا بۇنىڭدىن ئوبدان سوۋغا تېپىلمايدۇ.

## سائەت توققۇز يېرىمدىكى پەشلاق

ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئادەمنىڭ ئاستا - ئاستا سەمىرىپ كېتىدىغانلىقىنى مەن ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن.

ئادەم سەمىرسىلا پۇت - قوللىرى كالامپايلىشىپ، ئۆزىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، ھەتتا ساقلانغىلى بولمايدىغان كېسەللەرنىڭ دائىملىق ھەمراھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇنداق بولسا يولداشلار نېمە قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئاساسلىقى، ئەپلىك پۇرسەتنى ئۆز ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىڭىزنى تېخى ئۇزۇل - كېسىل قېرىپ كۈچىدىن كەتمىگەن قولىڭىزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك. مۇشۇ قولىڭىز بىلەن مەلۇم بىر خىل قەرەللىك ژۇرناللارنى ئېلىشىڭىز كېرەك.

گېزىت ياكى ژۇرنال بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. سىز قايسىسىنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىزكىن؟

ئىشقىلىپ بەرىبىر. چۈنكى، سەللا ياخشىراق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەر قانداقىدىن سىز كېسەلدىن قېرىپ كېتىشتىن ۋە سەمىرىپ كېتىشتىن قانداق قىلغاندا ساقلانغىلى بولىدۇ، دېگەندەك پايدىلىق تەكلىپلەرنى تاپالايسىز.

شۇڭا، مەن ئىنتايىن ئاچكۆزلۈك بىلەن بۇ گېزىت - ژۇرناللارنى تەتقىق قىلغىلى تۇردۇم.

ئالدى بىلەن مەن ئۆزۈم تولىمۇ قەدىرلەيدىغان بىر ژۇرنالدىن سېرىقماي ئىنتايىن زىيانلىق دېگەن ماقالىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدا، سېرىقماي شۇنداق يامان نەرسە قىلىپ يېزىلىپتىكى، نەتىجىدە مەن ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتكەن، سۈتتىن ياسىلىدىغان بۇ يېمەكلىكنى كۆرسەملا بىزار بولۇپ، يىراققا قاچىدىغان بولدۇم.

كىچىكىمدە مەن ئاق سىيىردىن ئاق سۈت، قارا سىيىردىن قارا سۈت چىقىدۇ، دەپ ھېسابلايتتىم. كېيىن بىلسەم ھەممە كالىدىن چىقىدىغان سۈت ئوخشاش بولىدىكەن. ئەمدى بولسا شۇنداق يەكۈنگە كەلدىمكى: كالىنىڭ ئادەمگە ئازراقمۇ پايدىسى يوقكەن!

مەن ھەتتا ھېلىقى ژۇرنال رېداكسىيىسىگە خەت يېزىپ، ئۇلارغا «كالا ئادەمنىڭ دۈشمىنى» دەپ بايانات چىقىرىشقا تەكلىپ بەردىم. ئەمما نېمىشقىدۇر، ئۇلاردىن ئۇچۇر كەلمىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ يېمەكلىكلىرى قاتاردىن سېرىقماينى چىقىرىۋەتتىم، ھەتتا

تۇخۇم پوشكىلى قىلىنغاندىمۇ سېرىقماي ئىشلەتمەستىن، كۆيۈپ كەتكىنى بىلەنمۇ زىيانسىز بولغان قاپقارا تۇخۇمنى يەيدىغان بولدۇم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئورۇقلاپ، يەڭگىل بولۇپ قالغانلىقىمنى، نەپەس ئېلىشىمنىڭمۇ خېلىلا راۋانلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. ئەمما مەن ئوخشاشلا ق دىرلەيدىغان يەنە بىر ژۇرنالدىن ئۇشتۇمتۇتلا، سېرىقماينىڭ ئادەتتە زىيىنى يوق، ئادەم تېنىگە بەكمۇ زۆرۈر يېمەكلىك دېگەننى ئوقۇدۇم.

مەن ئىلاجىسىز مۇرەمنى قىسىپقويۇپ كالىنى ئەپۇ قىلدىم ھەم ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن سېرىقمايدىن بولكا تەييارلىتىپ، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى پىشلاق بىلەن قوشۇپ ئاستا يېگىلى تۇردۇم.

خېلى كۆچەپ يۈرۈپ ئېكرانغا مىلىك تەسلىكتە قىستىلىپ يۈرگەن بىر ئايال ئالىم ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن ئېكراندىن تەلىم بەرگىلى تۇردى:

— ھەممە كۆكتاتنى، جۈملىدىن قىزىلچىنى، توڭلىتىلغان بېلىق ۋە گۆشنى، جىگەردىن ياسالغان قېزىنى، پىشلاقنى ئۆز ۋاقتىدا يېيىش كېرەك. پىشلاقنى ئالساق، ئۇنى ئەتىگەندە يېسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە ئىنتايىن پايدىلىق، چۈشتە يېيىلگەن پىشلاق بىھۇدە زايا بولۇپ كېتىدۇ، قىلىچە مەنپەئەت بەرمەيدۇ، پىشلاقنى كەچ سائەت توققۇز يېرىمدا يېيىش زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنگە ئوخشاش.

مەن سائىتىمگە قارىدىم - دە، بەدەنلىرىم مۇزلاپ، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىم، چۈنكى دەل سائەت توققۇز يېرىم بولغان ئىكەن.

تامىقىمغا بىر پارچە پىشلاق تۇرۇپ قالغاچقا، مەن يۆتىلىپ كەتتىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ كەپلىشىپ قالدى. مەن نېمىشقىمۇ بىپەرۋالىق قىلغاندىمەن، دەپ ئۆزۈمنى كايىدىم ...

ئەتىگەنلىك گېزىت ماڭا كەچلىك تاماقنى تويغىچە يېيىش كېرەك دېسە، كەچلىك گېزىت ئەتىگەنلىك تاماقنى تويغىچە يېيىش كېرەك دەيتتى، شۇڭا مەن ھەپتىلىك گېزىتنى قولغا ئالدىم. ئۇنىڭدا بولسا ئەڭ ياخشىسى تاماقنى ئۆرە تۇرۇپ يېيىش كېرەك دەپتۇ.

مەن يېتىۋالدىم.

چۈنكى مەن بىتاپ بولۇپ قالغان ئىدىم.

بېشىم گاڭگىراپلا قالدى. مەن يېيىش - ئىچىشنى بىر مەزگىل توختىتىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى مەلۇم بىر ژۇرنالدا مەن، قورساق ئاچراق بولسا بەزى كېسەللەر ساقىيىپ كېتىدۇ، دېگەننى كۆرگەن ئىدىم. ئەمما مەن يەنە ئۇشتۇمتۇتلا يەنە بىر ژۇرنالدىن قورساقنى ئاچ قويۇش ئىنتايىن زىيانلىق دېگەن نەرسىنى ئوقۇغانلىقىمنى يادىمغا ئالدىم.

مەن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۆپ كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇپ يۈرىمەن؟!

مەن ئەسەبىلىرىمنى سەل تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن مېڭىپ سەيلە قىلىش قارارىغا كەلدىم. مەن سىرتقا چىقىپ يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئونى ئاچتىم، دەل شۇ چاغدا رادىئودىن پىيادە سەيلە قىلىشقا دائىر سۆھبەتنى ئاڭلىتىۋېتىپتۇ. بىر ئەر دوكتور كىشىلەرنى ئەدەبلەۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا تېز مېڭىش كېرەك، كۆكرەكنى كېرىپ مېڭىش كېرەك، باشنى كۆتۈرۈپ غادىيىپ مېڭىش كېرەك، دەپ تەلىم بېرىۋاتاتتى.

مەن مەيدەمنى كەردىم.

بېشىمنىمۇ كۆتۈرۈپ غادايدىم.

مەن ئوقۇتەك تېز، قاتتىق ـ قاتتىق دەسسەپ كېتىۋېتىپ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئونىڭ دولقۇنىنى باشقا بىر ئىستانسىغا توغرىلىدىم. ئۇنىڭدا بىر ئايال خۇددى ھەممىنى بىلىدىغاندەك تەلەپپۇزدا تەربىيە بەرگىلى تۇرۇپتۇ:

ھازىر پىيادە سەيلە قىلىش ئۈستىدە توختىلىمىز، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى قەدەمنى ئاستا، رىتىملىق تاشلاش كېرەك. ئىتتىك مېڭىش چوڭلار ئۈچۈن مۇۋاپىق ئەمەس.

مەن ئۆزۈمنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىمنى بىلەلمەي، داڭ قېتىپ قالدىم ۋە رادىئونى بار كۈچۈم بىلەن يەرگە ئاتتىم. شۇ ھامان رادىئو كايىغاندەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ قىلىپ قالدى، ئارقىدىنلا بارلىق ئىستانسىلار بەس ـ بەس بىلەن بىر ـ بىرىگە سۆز بەرمەي سايرىغىلى تۇردى: ئەتىگەندە ... كەچتە ... ئىتتىك ... ئاستا ... پايدىلىق ... پايدىسىز.

مەن جىلە بولۇپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئەمما يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. چۈنكى ھېچقانداق ژۇرنالدا ۋارقىراپ ـ جارقىراشنىڭ پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز بولمىغان ئىدى.

خېبېي خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان:
«يۇمۇرلۇق ھېكايىلەر» ناملىق توپلامدىن)

## سەت گەپ

### ف. سۇلىدوف

بايانات

— 89 - نومۇرلۇق ئۆيدىكى پانكىنىدىن ئۆي باشقۇرۇش 5 - باشقارمىسىنىڭ ئۆي تەقسىملەش ئىشخانىسىغا:

بىنانىڭ مەن تۇرۇشلۇق كۋارتالىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى پەلەمپەي بار جايغا بىرەيلەن بور بىلەن «ئەخمەق» دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇپتۇ. بۇ گەپ مۇشۇ قەۋەتتە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرگە ھاقارەت كەلتۈردى. سىزلەرنىڭ بۇنى ئۆچۈرۈۋېتىشىڭىزلارنى سورايمەن.

سىگنال

— گراژدان پانكىنىدىن ئۆي باشقۇرۇش 5 - باشقارمىسىنىڭ ئۆي تەقسىملەش ئىشخانىسىغا:

سىزلەر مېنىڭ ئۆتكەن قېتىمقى باياناتىمغا پەرۋا قىلمىغانلىقىڭىزلار ئۈچۈن، «ئەخمەق» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈۋېتىشىڭىزلارنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم! بۇ خەت مېنى گۇمانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى، چۈنكى باشقىلار بۇ خەتنى ماڭا قارىتىپ يېزىلغان دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. تېزراق ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشىڭىزلارنى سورايمەن.

ئاگاھلاندۇرۇش

گراژدان پانكىنىدىن ئۆي باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى يولداش ئىۋانوۋاغا:

مەن بىز تۇرۇشلۇق بىنانىڭ پەلەمپىيى بار جايغا يېزىلغان سەت گەپنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشنى بىر قانچە قېتىم ئىلتىماس قىلغان ئىدىم. ئۆي تەقسىملەش ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى ماڭا لات بىلەن ئۆزىڭىز سۈرتىۋېتىڭ دېگەن تەكلىپنى بەردى. ۋەھالەنكى، بىرىنچىدىن، بۇ ئىش ماڭا ئوخشاش مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيەت كاتېگورىيىسىدە ئەمەس. ئەگەر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان مانا شۇنداق خەتلەرنى ئۆچۈرۈش، يۇيۇپ تازىلاش ئىشىنى قىلغىلى تۇرىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەسلى خىزمىتىنى ئىشلىگىدەك ۋاقىت قالماي قالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ناۋادا، بۇ خەتنى مەن بېرىپ ئۆچۈرىدىغان بولسام، قوشنىلار بۇ خەت بۇ ئادەمنى بىئاراملىققا سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن؛

ئۈچىنچىدىن، ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر مېنىڭ خۇددى تاغقا چىققۇچى تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشاش ئېگىزگە يامىشىپ يۈرگەنلىكىمنى بىرسى كۆرۈپ قالسا، نېمىلەرنى دەر؟ شۇڭا، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە ئويلىشىپ كۆرۈشىڭىزنى ھەم ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

شىكايەت (ئەرز)

گىراۋدان پانكىندىن ئۆي باشقۇرۇش كىباشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش پېترۇسوۋغا:

شۇ تۇغرىلىق سىزگە ئەرز قىلىمەنكى، بىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىز ئاستىدىكى ئۆي تەقسىملەش ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى بېرىدىپ بىز ئولتۇرۇشلۇق بىناغا يېزىپ قويۇلغان «ئەخمەق» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى قەتئىي رەت قىلدى. مەن ئاگاھلاندۇرۇپ: بۇ مېنىڭ شەخسىيىتىمگە ھۇجۇم قىلغانلىق دېسەم، باشقۇرغۇچى يولداش ئىۋانوۋا قاراپ تۇرۇپلا:

—سىلەرنىڭ ئۇ يەردە بىر مۇنچە ئادەم بولغىنى بىلەن، بىزنىڭ بۇيەردە ئۆزۈم يالغۇز مەن. يەنە ئالايلۇق، سىز نېمە ئۈچۈن بۇ خەتنى ماڭا قارىتىپ يېزىلغان دەيسىز؟— دەۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا: بۇنى مۇشۇنداق ئىزاھلىماقتىن باشقا ئامال يوق. چۈنكى بىزنىڭ مۇشۇ قەۋەتتە ئولتۇرۇشلۇق باشقا ئادەملەرنىڭ ئەخمەق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس: 88- نومۇرلۇق ئۆيدە خوتۇنى بىلەن بىر پروفېسسور ئولتۇرىدۇ، بۇ گەپنىڭ ئۇلارغا قارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ 87- نومۇرلۇق ئۆيدە خىزمەت كۆرسىتىپ مېدال ئالغان بىر ئارتىس بار؛ 90- نومۇرلۇق ئۆيدە مېنىڭ باشلىقىم يولداش نېمىروۋسكى ئولتۇرىدۇ، دېدىم. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مەن ھېلىقى خەتنى ئۆچۈرۈپ، نامىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن.

... پانكىن بۇ بايانات - ئەرزلەرنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، ناھايىتى كەيپسىزلەنگەن ھالدا خۇرسىنىپ قويدى، ئاندىن بىر تال بوغقۇچ بىلەن ئوبدان چىگىپ تارتمىغا سالدى.

— ھەي، بۇ خادىملارنىزە! — ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، — ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن نەپرەتلىك بيۇروكراتلار! ھەممىسى ئەبلەخلەر! ئابرويلۇق بىر ئادەم بۇ يەردە قۇرۇق تۆھمەتكە قېلىپ ئازابلىنىپ يۈرىدۇ، ئۇلار بولسا قىلچە پەسەنتىگە ئالماي ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىز يۈرىدۇ!

پانكىن بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ، يەنە بىر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ئۆز نامىمنى ئۆزۈم قوغدىماقتىن باشقا نېمە ئامال بار ئەمدى؟ ...

ئۇ ھېلىقى سەت گەپ يېزىپ قويۇلغان پەلەمپەي بار جايغا كېلىپ ئەتراپقا قاراپ قويدى، ھەممە ياق تىمتاس بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يانچۇقىدىن بور ئېلىپ. ھېلىقى سەت گەپنىڭ يېنىغا چاققانلىق بىلەن بىر نەچچە خەتنى يازغاندىن كېيىن بىر چەتكە ئۆتۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىدىن ھوزۇرلانغاچ ئاۋازلىق ئوقىدى: «پانكىن ئەخمەق ئەمەس!»

— ئەمدى بولدى! — دېدى ئۇ زەمەنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، بورنى يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى» نىڭ 1987- يىل 4 - سانىدىن)



ئاچا ـ سىڭىل

خۇرشىدە غوپۇر فوتوسى


《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文）

سنجاڭ مەدەنىيتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1991 ـ يىل 2 ـ سان

编辑：《新疆文化》编辑部・出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆・印刷：《新疆日报》印刷厂・发行：乌鲁木齐市邮局・订阅：各地邮局（所）・

نجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت
ى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك
تا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073/1
本刊代号：58－22　定价：伍角

لكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1073/1
الەت نومۇرى: 22 ـ 58. باھاسى 0.50 يۈەن



دۇنيا بويىچە مەشھۇر ماي بوياق رەسىملەردىن:

شىر ئوۋلاش. رۇبېنس (1577 — 1640) سىزغان.